# بۇلاقكۆل

ئىيۇن
2012
(ئومۇمىي 2- سان)



ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ

ئۆردىن چۈشكەن نەقىشلەر

ئەھمەد زىيائىي لىرىكىلىرىدا ئارزۇ ۋەزنى

بۇلاقكۆل نەزمىلىرى

نەۋائىي شېئىرلىرىدا فەنا تەلقىنلىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

بۇلاقكۆل

2012

(ئومۇمىي 2- سان)



**باشقۇرغۇچى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى

**چىقارغۇچى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

**تۈزگۈچى**

«بۇلاقكۆل» ژۇرنىلى تەھرىراتى

**تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى**

ئابدۇشكۇر موللەك يۈرچى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت)

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

**تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دوتسېنت)

**ئابدۇللا مەتقۇربان** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، دوتسېنت)

**ئوسمان ئىسمايىل تارىم** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى، پىروفېسسور)

**زەمىر سەئدۇللازادە** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى، پىروفېسسور)

**مەتتۇرسۇن ئەلى** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى، دوتسېنت)

**نىجات ھاشىم** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى پارتىيە - مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، لېكتور)

**ئىچكى ژۇرنال ھەقسىز تارقىتىلىدۇ**

**باش مۇھەررىر**

تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**

ئابدۇللا مەتقۇربان

ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى**

زۇلفىيە ئىسمايىل

**مۇھەررىرلەر**

ئەرافات ھەسەن مۇساباييېف

بۇسالامەت مەمەتئابدۇللا

مەلىكە مۇھەممەد

ئىبزىز سامساق

تۇنساگۈل مەھمۇد

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورلىرى**

ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

تۇرسۇنجان مەھمۇد

**مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلەرنى لايىھەلىگۈچىلەر**

ھەزرەتئېلى مۇھەممەد

سەيدئەخمەد ئابدۇقادىر

**ژۇرنال ئىسمىنى يازغۇچى**

ئەھمەدجان ئابدۇرېھىم



**ئىجازەت نومۇرى**

KX 2011

# مۇندەرىجە


### يېتەكچى نەزەرىيە

ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش، كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك مۇلازىمەت قىلايلى....جاڭ چۈنشيەن (1)

### ئەسلىمە

ئۇستاز خىسلىتى..........................................ياسىن مەتنىياز(7)

### پىروزا باغچىسى

ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ (ھېكايە)...........................بۇسالامەت مەمەتئابدۇللا (8)
دەرتمەنلەر (ھېكايە)....................................ياسىن مەتنىياز (12)

### ئارۇز جىلۋىسى

نۇردىن چۈشكەن نەقىشلەر...............................ئەراپات ئابدۇرۇسۇل (23)
غەزەللەر ۋە تەخمىسلەر..................................ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات (29)
غەزەللەر..................................................ئىليار بارى (33)

### ئارۇز تەتقىقاتى

ئەھمەد زىيائىي لىرىكىلىرىدا ئارۇز ۋەزنى.......................ئەرافات ھەسەن مۇسابايىق (36)

### گۈلدەستە

بۇلاقكۆل نەزمىلىرى.......................................ياسىن مەتنىياز (50)
كېچە لىرىكىلىرى...........................................سەيدىئەخمەت ئابدۇقادىر (53)
ئىككى شېئىر..............................................ھەزرىتئېلى مۇھەممەد (54)
نە ئۈچۈن ئاشىقلار چېكىدۇ ھەسرەت..............................مەلىكە ئەھەد (55)
يۇيۇنغان كۆكۆل...........................................ئايگۈل روزى (55)
ئەبەدىيلىك (نەسر)..........................................گۈلنۇر ئابدۇساتتار (56)

### سۆھبەتلەر

بىر پارچە مۇقاۋا خېتىدىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغىچە..........................................
..........................ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەر، تىلتېكىن يۇسۇف ئىكەمبەردى (57)
ئاددىي قەلب، چىن سۆيگۈ........................................... گۈلنۇر ئابدۇللا(65)

### ئوبزور ۋە مۇھاكىمە

«كونا ئۆي»پوۋېستىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى..............................تۇرسۇننىسا تۇرسۇنتوختى (74)

### نەۋايى گۈلستانى

ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرى...........................ئەلىشىر نەۋايى (82)

### نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن تامچە

نەۋايى شېئىرىيىتىدە فەنا تەلقىنلىرى..........................ئىبراھىم ھەققۇل (ئۆزبېكىستان) (89)
ئۆزبېكچىدىن زۇلفىيە ئىسمايىل تەرجىمىسى

### كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىللىغا نەزەر................................ ياڭ فۇشۆ (97)
خەنزۇچىدىن رەيھانگۈل ئابلىز تەرجىمىسى
نىزارىنىڭ «رابىيە-سەئىدىن» داستانىدا ئىپادىلەنگەن ئاياللار ھەققىدىكى ئاكتىۋال قاراشلىرى..........
.............................................گۈلجامال مەمتىمىن (111)

### كۆۋرۈك

ئىككى ھېكايە.........................................غۇلام كەرىمىي (ئۆزبېكىستان) (117)
ئۆزبېكچىدىن ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات تەرجىمىسى

### تاقىقا — تۇققا پاراگلار

«تاقىقا - تۇققا پاراگلار» ژانىرىنىڭ ئىجادچىسى ھەبىبۇللام موللام ھەققىدە تېز سىزما .......... دىلارە ئۆمەرجان (128)
مۇقاۋا سۈرەتلىرىنى نىجات ھاشىم تەمىنلىگەن




# ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىش، ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك مۇلازىمەت قىلايلى

جاڭ چۈنشيەن
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى)

بىرىنچى، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇشى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىدىكى مۇھىم قورالى، تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان مۇھىم كۈچ. پارتىيەمىز ئەزەلدىن پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، پارتىيەمىزنىڭ ئىنقىلابقا، قۇرۇلۇشقا ۋە ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىش تارىخى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بىلىش ۋە ئىگىلەش تارىخى، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننىڭ گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش تارىخى. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى. باش شۇجى خۇجىنتاۋ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى، تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي پەننىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنداقلا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۇكسەكلىكىدىن قاراپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ھەم جىددىي ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش كېرەك. پارتىيە 17 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن «پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ ئىدىيە ئامبىرى» دەپ تېخىمۇ ئېنىق بېكىتىلدى. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەبىئىي پەنگە ئوخشاشلا مۇھىم، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى

سۈرۈش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ھېچنىمە ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىمۇ ھېچنىمە ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم كۈچ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ يېڭى مەزگىل، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىنىپ، شىنجاڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ساھەلەر بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 7 - نۆۋەتلىك 9 -، 10 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بىلەن پارتىيە 17 - نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش تۇرغۇزۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ «12 - بەش يىللىق» تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار لايىھەسى پىلانلاندى. نۆۋەتتە كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىش، ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك بىر دولقۇن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا جۇش ئۇرۇپ كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ ھەم پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى تەستە كېلىدىغان تارىخىي پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى ھەم كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىستېداتىنى جارى قىلدۇرۇشنى يېڭى سەھنە بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى جەزمەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، بۇنداق تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشۇنداق كەڭ سەھنىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشى، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلىشىنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت، روھىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇھىم رولغا ئىگە بولۇپ، مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانى تونۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، مەسلىھەت بېرىپ كىشىلەرنى تەربىيەلەش، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدا تىرىشىپ يېڭى نەتىجە يارىتىشى، يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

1. ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش — پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ

تۆپ تەلىپى. كۆندىلىك ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى سىياسى ئېڭىنى، سىياسىي قارىشىنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ئەھۋالدا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، مەردانە ھالدا تۇرلۇك خاتا ئىدىيە، گەپ - سۆز ۋە قاراشلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى سىستېمىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن مېڭىنى قۇراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە، سىياسىي، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاڭلىق ھالدا يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپ، نىشانغا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپال مەسىلىلەردە مېڭىنى سەگەك تۇتۇشى، ئىلمىي بىلىش ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادنى ساقلىشى كېرەك. ماركسىزمنى پەن قۇرلۇشى، دەرسلىك تۈزۈش، دەرسخانا ئوقۇتۇشى، تېما تەتقىقاتى، ئىلمىي ئالماشتۇرۇش، ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانى بىلەن ئىدىيەۋى ھېسسىياتىدا تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىگە ئەمەلىي تۆھپە قوشۇش جەريانىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ سادىق يەتكۈزگۈچىلىرى، نەمۇنىلىك ئەمەلىيەتچىلىرى، كونكرېت ھەرىكەتلەندۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

2. شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور رېئال مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش - بولماسلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان - ئوينىمىغانلىقىغا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىغا قاراشتۇر. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى نادىر ئەسەر ئېڭىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، نەزەرىنى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى يۈنىلىشىگە ھەقىقىي تۇردە قارىتىپ، كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇشقا، شىنجاڭنىڭ ئىلمىي ھالقىشىغا، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئالدىنقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئەمەلىيىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى خىزمىتى، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق، قېيىن نۇقتىلارنى چۆرىدەپ تەپەككۇر قىلىپ ۋە جاۋاب قايتۇرۇپ، جەمئىيەتتە تەسىرى بار، نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە، يېڭىلىق يارىتىلغان ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى بار مۇنەۋۋەر نەزەرىيەۋى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلىشىگە «مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى»، «ئىدىيە ئامبىرى» بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى نادىر ئەسەرلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور، مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننىڭ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك

قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئاكتىۋال رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

3. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە نەزەرىيەۋى يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش — پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇلار بىزدىن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە نەزەرىيەۋى يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات جەريانىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دىققەت قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش نەزەرى ۋە تەپەككۇرى بىلەن بىلىش، ئىگىلەش، يەكۈنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا يېڭى نەزەرىيەنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان نەزەرىيە ئارقىلىق يېڭى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ماركسىزم نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، زور نەزەرىيەۋى مەسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا نەزەر تاشلاپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي قاراشتا، پەن تەتقىقات ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە پەن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخىمۇ كۆپ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىش كېرەك.

4. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن پەقەت ئاممىغا خىزمەت قىلغاندىلا، ئامما ئارىسىدا ۋە تۇرمۇشتا يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتى كۈچى بولىدۇ. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ھازىرقى دۇنيا مىقياسىدىكى تۈرلۈك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا توقۇنۇشىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنىڭ مۇستەقىللىقى، تاللاشچانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، پەرقلىقلىقى روشەن كۈچىيىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پۇقرالار ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيەلىنىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاساسى قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەم ئىلمىي تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى نامايەن قىلىدىغان جاۋابلارنى بېرىشى كېرەك. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىش، ۋەتەننى - شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش، ئىلگىرلەشتەك شىنجاڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىدىيەۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەزمۇنىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۈچىنى يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، گېزىت ـ ژورنال، كىتاب، رادىيو، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرگە بولغان تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئادەمىيەت، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، پارتىيەنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش

پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. پارتىيەنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن كەسپىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يېڭى ۋەزىيەتنىڭ، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە پائال ئۇيغۇنلىشىپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «ج ك پ مەركىزى كومىتېتىنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرى» نى ئەستايىدىل، ئىزچىل، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدىكى زور مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش لازىم. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرگە تەتقىقات تېمىسى بېرىپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تۈرلۈك ھەل قىلغۇچ تەدبىر جەريانىدا ئىشلىتىپ، پەلسەپە ئىجتىمائىي پەننى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيەنىڭ كادىرلارنى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى پىششىق بىلىدىغان كادىرلارنى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، ئىش قىلالايدىغان، قىلغان ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش لازىم. ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەملىشىپ، ئۇلارنى بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان، ئىجتىھات بىلەن كەسپىي ئىشلارنى ئىشلەيدىغان شارائىتقا ئىگە قىلىش لازىم. پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ ۋە ياردەم قىلىپ،

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىگە سىلىندىغان سىلىنمىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرشىپ ياخشى شارائىت يارىتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى — پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكى ۋە تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ۋە زور ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش جەھەتتىكى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى؛ ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى مەسلىھەت بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش رولىنى؛ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نەزەرىيەۋى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش جەھەتتىكى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى؛ ھەرقايسى ئىلمىي تەشكىلات، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ قىلىپلاشتۇرۇش، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامغا، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىش لازىم. ئۆز قۇرلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى قېرىنداش ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىشىشنى، باشقا ئۆلكە، رايونلاردىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى پائال مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلار ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى زور، بۇرچى شەرەپلىك، زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. مەن كۆپچىلىكنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە ۋە ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، گۈللەنگەن، باي، ئىناق، مۇقىم، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور، يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن!

(ئوسمانجان مۇھەممەد تەرجىمىسىدىكى بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى)

مۇھەررىر مەلىكە مۇھەممەد




سېخىي كۆلدەك تەمكىنلىكىڭ ئىچىگە،
ئېغىر سالماق قىممەتلىرىڭ مۆكۈنگەن.
نۇرلىرىڭنى چېچىۋەتسەڭ كېچىگە،
تۈن پەردىسى چاك-چېكىدىن سۆكۈلگەن.

يورۇپ كەتتى قەلبلەردە تاڭ ئېتىپ،
دۇرلىرىڭنى ئايىماستىن ئال دېدىڭ.
قانىتىمغا قانىتىڭدىن پەي قېتىپ،
پەرۋازلارنىڭ كۆركى بولۇپ قال دېدىڭ.

مېھنىتىڭدە غۇنچە بولۇپ تىلەكلەر،
خۇشبۇيى ھىدى تاراپ كەتتى ھەر ياققا.
مەي باغلىسا توزۇمىغان چېچەكلەر،
شادلىقىڭنىڭ يېشى كەلگەن چاناققا.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتى ئەدەبىيات كاتىباتلىق 2008-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات




مەن بىر يېتىم قىز. ئېسىمگە كەلسەم دادام يوق ئىكەن. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، دادام مەن ناھايىتى كىچىك چېغىمدىلا كېسەل سەۋەبىدىن بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپتىكەن. كىچىكىمدىن تارتىپ ئانام ماڭا ھەم دادا ھەم ئانا بولۇپ، دادامنىڭ يوقلۇقىنى پەقەت چاندۇرماي كەلگەچكىمكىن ياكى كىچىكىمدىن تارتىپ دادامنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمكىن، دادامنىڭ يوقلۇقىدىن بەك ئازابلىنىپ كەتمەيتتىم. پەقەت ئانامنىڭ كىچىلىرى ئۇخلىماي، مەندىن يوشۇرۇنچە يىغلاشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولاتتى. لېكىن ئانامنىڭ ئازابلىرىغا يەنە ئازاب قوشماي دەپ ئۆزۈمنى خۇشھال تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. شۇڭا ئانامدىن دادام توغرىسىدىكى، دادامغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشلارنى سورىمايتتىم، لېكىن مېنىڭ بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كىرگەن ۋاقتىمدا باشقىلاردىن دادامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقتىمدا ئانام بىلەن ئىككىمىزنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دادامنىڭ بىزگە قىلغانلىرىغا نەپرەتلەنسەممۇ، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە دادامنىڭ تېخى بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىكىدىن خۇشھال ئىدىم.

گەرچە ئانام دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي، مېنى باشقا باللار ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارغا ھازىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان دادا بولسا، ئائىلە دېگەن باشقىچە بولىدۇ - دە!

مەن چوڭ بولغانسېرى ئانامنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئانامغا ئىچىم ئاغرىسا، يە بىر تەرەپتىن دادامغا بولغان سېغىنىشىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. شۇڭا دادام توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمنى ئانامغا دېيىش قارارىغا كەلدىم. چىداپ تۇرالماي شۇ كۈنىسىلا ئانامغا ئېيتىپ، ئېنىق ئەھۋالنى دەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم. ئانام «ئۇلار ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، سېنىڭ داداڭ كىچىكىڭدىلا تۈگەپ كەتكەن» دەپلا مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم.

ئەتىسى مەكتەپتىن كەلسەم، ئانام نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئانامنىڭ دېيىشىچە، چوڭ ئاناملارنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىگە كەتكەن بىر نەچچە تۇغقىنى

بولۇپ، نەچچە يىلدىن بېرى تىجارەت قىلىپ، خېلى بېيىپ قاپتۇدەكمىش. دېمىسىمۇ ئۇلار ھەر قېتىم يۇرتقا كەلگەندە، بىزنى ئاتايەن يوقلاپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى، پۇللارنى بېرىپ كېتەتتى. چوڭ دادام، چوڭ ئانىلار تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، شۇلار ئانامنىڭ بىردىنبىر تۇغقىنى بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۈرۈمچىگە چىقىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدۇم. ئۈرۈمچىگە چىقىپ كىرگەنلەردىن ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىي قىلغان گۈزەل شەھەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۈرۈمچىنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. لېكىن ئانامنىڭ چىرايى بىر خىل غەمكىن بولۇپ، تۇغقان يوقلاش خۇشاللىقىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيتتىكەنمەن.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىلدىمكى، مەن دوستلىرىمدىن، ئەمدىلا خەۋرى بولغان دادامدىن، گۈزەل سەھرايىمدىن ئايرىلىپتىمەن. بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، تۇغقانلار ئانامغا ئىش ئورنى تېپىپ بەردى. تۇرۇۋاتقان جايغا يېقىن بىر يولدا تازىلىق قىلىدىغان بولدى. مېنىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئۇ كۈنلەردە ئانام ھەر كۈنى تاڭ ئاتماستىنلا ماڭا ناشتىلىق تەييارلاپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى. ئەتتىگەن چىقىپ كېتىپ، كەچ قايتىدىغان بولغاچقا، بەزىدە كۈنلەپ ـ كۈنلەپ كۆرۈشمەيدىغان چاغلىرىمىزمۇ بولاتتى. مەن بولسام يېڭى شارائىتتا، يېڭىچە قىزغىنلىقىم بىلەن ئۆگىنىشكە باشچىلا كىرىشىپ كەتكەن ئىدىم. ياخشى ئوقۇپ ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان مىننەتسىز ئەجرىگە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشنى، ئانامنى كۈندە تاڭ سەھەردىلا تۇرۇپ كەچكىچە يول تازىلايدىغان جاپالىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلايتتىم. يەنە شۇنداق مۇھىتتا دادامنىڭمۇ بىز بىلەن بىللە بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ مەن تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ پۈتتۈرۈپ، ئانامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئالىي مەكتەبكە ئىمتاھان بېرىپ ئۆتتۈم. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن ئانامنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ھاردۇقىمىز چىققاندەك بولدى. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئانامغا ئۇلۇغۋار غايىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، ئانامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئانامۇ ماڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مانا، مەن ھازىر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئالىي مەكتەپ دېگەن ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەن. ئۆگىنىش قىلىدىغان سورۇنلارمۇ، ئوينايدىغان سورۇنلارمۇ، پۇرسەتلەرمۇ كۆپ بولىدىكەن. ھەممە ئىشتا ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىگە ئىكەنسىز. ھەر جايدىن كەلگەن ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنىمۇ، ياخشى ئادەتلىرىدىن كۆپرەك يامان ئادەتلىرىنىمۇ ئۆگىنىدىكەنسىز. مەن مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي سەمىمىي، چىقىشقاق، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزىم بىلەن بىر نەچچە قىز، ئوغۇل دوستلىرىم بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا چىقىشقاق، مۇلايىملاردىن ئىدى. لېكىن ھەممىسىنىڭ شارائىتى مەندىن ياخشى بولۇپ، كىيىم كىيىش، پۇل خەجلەشتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇ قەدەر ياخشى بولۇپ، بايۋەتچە، مەلىكىلەردەك ياشايتتى. مەن ئۇلار بىلەن بۇ جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ قالاتتىم. مەن ئۇلار بىلەن يېڭى تونۇشقاندا ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى، كېيىن نېمە بولدى؟ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالداپ پۇل ئېلىپ، مۇشۇنداق يەپ ـ ئىچىپ، كىيىم كىيىپلا يۈرۈيدىغان بولۇۋالدى. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمنى دەپ باقمىغان ئىدىم، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزۈمنىڭ بىر تۈل

خوتۇنىنىڭ، يەنە كېلىپ بىر تازىلىق ئىشچىسىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئانامدىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن پۇل سورايدىغان، ئانامنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇللارغا ئانامۇ كىيىپ باقمىغان كىيىملەرنى كىيىدىغان، شۇ بايۋەتچە، مەلىكە سۈپەت دوستلىرىمنىڭ قاتارىدىن چۈشۈپ قالماي، سورۇنمۇ - سورۇن يۈرۈيدىغان بولدۇم. قىلىپ يۈرگەن بۇ ئىشلىرىمغا بەزىدە ئۆزۈممۇ ھەيران قالاتتىم. قىلغانلىرىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئانامغا ئىچىم ئاغرىسىمۇ، ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ قويۇپلا، يەنە شۇ يولدا مېڭىۋەردىم. ئۆزۈمنى زادىلا تارتالمىدىم.

بىر كۈنى شۇ دوستلىرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بىز تېخى كىرىپ باقمىغان، ئۇزۇندىن بېرى نامىنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان بىر بەزمىخانىغا كىردۇق. بۇ يەرنىڭ ئىچى بىر دۇنيا، تېشى بىر دۇنيا بولۇپ، مەندەك ئەقىلسىزلەرنى رام قىلىۋالغان ئاجايىپ بىر ماكان ئىدى. بىز ئۇ يەردە قانغۇچە ئويىندۇق، يېدۇق، ئىچتۇق... بىر ۋاقىتتا دوستۇم بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، تونۇش بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قالدىم، مەن دەرھال يېنىپ قاردىمۇ يەنىمۇ سىنچىلاپ قاراشقا پېتىنالمىدىم. تونۇش كۆزلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇمۇ، قايسى تەرەپكە بۇرۇلۇشۇمنىمۇ بىلەلمەي، ئېسىمنى يوقىتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ تونۇش گەۋدە دەل مېنىڭ ئانام ئىدى.

-دىلنۇر، سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟

-مەن... مەن...-ئۆپكەم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قېلىپ سۆزلىيەلمەي قالدىم.

-ۋىيەي دىلنۇر، كىممۇ بۇ ئايال؟ بۇ تازىلىقچى بىلەن تونۇشامسەن؟-دېدى دوستۇم.

مەن ئانامغا قارىيالمىدىم. لېكىن ئانامنىڭ شۇ دەقىقىلەردىكى ھېسسىياتىنى، پارە - پارە بولغان قەلبىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھېس قىلىپ تۇرسامۇ دوستلىرىم ئالدىدا ئۆز ئانىنى تەن ئېلىشقا پېتىنالمىدىم.

-كىمكەنە، بۇ ئايالنى مەنمۇ تونۇمايدىكەنمەن، تونۇش بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالغان چېغى. يۈرە ئاداش، چىقىپ كېتەيلى.-مەن شۇنداق دېگىنىمچە دوستۇمنى تارتقىنىمچە تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئېغىزىمدىن بۇ گەپنىڭ قانداق قىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئانامنى «قىزىم!» دەپ چاقىرىپ قالمىغىيدى دەپ بەك ئەنسىردىم. ئانامۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەكلا باشقا گەپ قىلمىدى. ئانامنىڭ چاندۇرۇپ قويمىغانلىقىغا خۇش بولسامۇ، دوستۇمنىڭ بايىقى «تازىلىقچى» توغرىسىدا بىرەر نەرسە دەپ قالارمۇ دەپ يەنە ئەنسىرەپ كېتەتتىم. ئەسلى بۈگۈن مۇشۇ ئاجايىپ دۇنيادا تۈنەپ قالماقچى ئىدۇق. لېكىن مېنىڭ ئۇ يەردە يەنە تۇرغۇم كەلمىدى. ئانامنىڭ يەنە ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقتۇممۇ ياكى بايا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئازابلاندىممۇ بىلمەيمەن. چۈۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن دوستلىرىم بىلەنمۇ خوشلاشمايلا سىرتقا چىقتىم، ھازىرلا ئۆيگە قايتىپ ئانامدىن تىزلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراشنى ئويلىدىم، لېكىن ئۆيگە بېرىشقا پېتىنالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم يالغۇز ياتاققا قايتىپ كەتتىم.

كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئانامنىڭ تازىلىق ئۆيىدىكى ھالىتى، دوستۇمنىڭ، مېنىڭ شۇ ۋاقىتتا قىلغان سۆزلىرىمىز ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، قۇلاق تۈۋىمدە توختىماستىن جاراڭلاپ، يۈرەكلىرىمنى ئۆرتىنىپ كەتتى. ئانامنىڭ مېنى ئەركىلىتىشلىرى، تاپشۇرۇق ئىشلىگىنىمدە يېنىمدا ئولتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشلىرى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەن تۇرماستىنلا تەييارلاپ قويۇلغان مول ناشتىلىقلار، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا ئانامنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرى، مېنىڭ

ئانامغا بەرگەن ۋەدىلىرىم بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كېلىشىگە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم...

بالكونغا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالدىم. ئاي ئۆزىنى بۇلۇت كەينىگە يوشۇرغان ئىدى. كۆندە جىمىرلاپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارمۇ يوقالغان بولۇپ، ئۇلار «سەندەك ۋاپاسىزنى كۆرۈشكە كۆزىمىز يوق!» دېگەندەك، پۈتۈن دۇنيا ماڭا نالەت ئوقۇۋاتقاندەك، مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىندى. كۆڭلۈم بىرەر ئىشنى سەزگەندەك زادىلا ئاراملىق بەرمىدى.

ئەتىسى دەرسكىمۇ چىقماي، ئەتتىگەندىلا ئۆيگە قاراپ ئۇچتۇم. ئۆيگە كىرىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئانام سۇپىدا بىھوش ياتاتتى.

-ئانا، ئانا...

مەن ئانامغا ئۆزۈمنى ئېتىپلا، ئۆينى بېشىمغا كىيىپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئانام ئاخشام قايتىپ كېلىپلا، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان ئىدى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئانامغا ئېسىلىپ يىغلىدىم. ئانامدىن ئەپۇ سورىدىم.

-ئانا، ئانا... مەن دىلىڭىزغا قاتتىق ئازار بەردىم. سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈردۈم، مەن بەكلا ئەقىلسىز ئىكەنمەن. مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. مېنى كەچۈرۈڭ ئانا. مەن بىر ۋاپاسىز، ئەقىلسىز... كۆزىڭىزنى ئېچىڭە ئانا، مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ... ئانا...

- قىزىم، بارمۇسەن؟ ئۆزۈڭ...ساق - سالامەتمۇ؟-ئانام كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى. ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

-ئانا، مەن بىلىمەن، سىز مېنى دەپ مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىسىز. مەن بۇلارنى ئېنىق بىلسەممۇ، يەنىلا قارا يۈزلۈك قىلدىم، مېنى كەچۈرۈڭ ئانا... مېنى كەچۈرۈڭ...

-ياق بالام، سەن مېنىڭ بارلىقىم، ئازمايدىغان ئىنسان يوق. بۇنىڭدىن كېيىن تۈزەتسەڭلا، دېگەنلىرىڭگە ئەمەل قىلىپ، ئەمدى ئۈمىدىمنى يەردە قويمىساڭلا بولدى،-ئانام تىترەپ تۇرۇپ شۇلارنىلا دېيەلىدى.

-جېنىم ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن شۇنداق قىلىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن يامان ئادەملەرگە، يامان ئىشلارغا ھەرگىز ئارلاشمايمەن. پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۆگىنىش قىلىپ، ئوقۇشۇمنى ياخشى تاماملىغاندىن كېيىن، سىزنى چوقۇم ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ جېنىم ئانا.

-ئىشىنىمەن، مەن قاچان ساڭا ئىشەنمەي باققان. سەن چوقۇم شۇنداق قىلالايسەن قىزىم.

مەن ئانامنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن ئانا-دە. قەلبى دەريا كەبى كەڭ، بولۇپمۇ يۈرەك پارىلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەپۇ قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. پەرزەنتلىرى ئۆچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ...

ئانام مېنى كەچۈرگەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بەلكىم ئانامغا بەرگەن ۋەدىلىرىم، ئۇلۇغۋار غايىلىرىم ئەمەلگە ئېشىپ، ئانامنى ھەقىقىي خۇش قىلغان ۋاقتىمدىلا، ئاندىن ئۆزۈمنى كەچۈرۈشۈم مۇمكىن.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2009-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئەزىز ساماساق




كۇتۇپخانىدىن چىقىپ ئۆز خىيالىم بىلەن يەر بېقىپ كېتىۋاتاتتىم.

-ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۇشتۇمتۇتلا ئېيتىلغان بۇ سالامدىن خۇددى مۇگدەپ قالغان ئادەمنى بىرى تۇيۇقسىز نوقىغاندەك چۆچۈپ قارىسام، ئالدىمدا قەيسەر كۈلۈپ تۇراتتى.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! سەنمىدىڭ ئاداش! قانداق ئەھۋالىڭ، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟-دېدىم ئۇنىڭ ئورۇقلاپ زاڭقاقلىرى چىقىپ قالغان يۈزلىرىگە قاراپ.

- خۇداغا شۈكرى! ئۆزەڭچۇ كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ تېلېفون قىلسام ئالمايسەن- يا؟

مەن يانچۇقلىرىمنى سىلاپ بېقىپ يانفونۇمنىڭ ياتاقتا قالغانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم.

-ئالدىراشچىلىقتا ياتاقتا قاپتۇ ئەمەسمۇ.

-يانچۇق تومۇلاشقانسىرى يۈرەك سىقىرايدىغان گەپمۇ نېمە؟ ئېسىل تېلېفونۇڭدىن ئەنسىرەپ ياتاقتا تىقىپ قويدۇڭمۇ؟ يا مېنىڭدەك ئاغىنىلىرىڭنىڭ

ئاۋارە قىلىشىدىن قورقتۇڭمۇ؟

- نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن. يۈر تاماق يىگەچ پاراڭلىشايلى!- دېدىم مەكتەپ ئاشخانىسى تەرەپنى كۆرسىتىپ.

-مەنمۇ دەل شۇ مەقسەتتە سېنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. مانا سېنى كۇتۇپخانىدىن تېپىۋالدىم! لېكىن سىرتتا يەيلى. مېھمان قىلىمەن.

-بولدى، ئوخشاشقۇ، ماڭە.

لېكىن ئۇ قوللىرىمنى تارتىپ زورلاپ تۇرىۋالدى. كۆڭلىنى ياندۇرماي دېدىم ئىچىمدە.

-نەدە يەيمىز؟

-ھېلىقى تۆمۈر خورازنىڭكىدە.

بىز بۇرۇن دائىم تاماق يەيدىغان«يەرلىك توخۇ قورۇمىسى شاھى» دەيدىغان بىرئاشخانا بار ئىدى. تامىقىغۇ خېلى ئوخشايتتى، لېكىن خوجايىن ئايال بەكمۇ چېك بولۇپ، ھېسابات قىلغاندا موچەنلەرگىچە يۇلۇپ ئالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. قەيسەر ئۇ خوجايىننىڭ چىڭقىغا ئاچچىقلىنىپ «تۆمۈر خوجايىن» دەيدىغان بولىۋالدى. ئۇ خوجايىنمۇ ھە دېسىلا

ئەركىشىنىڭكىدەك بوم ئاۋازى بىلەن «سىلەرگە مېكىياننى ئەمەس، خورازنى قورۇپ بەردۇق جۇمۇ» دەيدىغان بولغاچقا، قەيسەر كېيىنچە ئۇنى «تۆمۈر خوراز» دەپلا ئاتايدىغان بولدى.

ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە ئوڭ تەرەپتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان، تىكىلەپ قويغان سامان تاغىرىدەك سېمىز ئايال خوجايىن:

- قارشى ئالىمىز كونا خېرىدارلار! قېنى ئىچىگە مەرھەمەت، - دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرتىپ كۈلۈمسىرەپ.

ئىككى تەرەپتە تام بويلىتىپ رەتلىك قويۇلۇپ پاكىز سۈرتۈلگەن بەشتىن ئون/ جوزا بار بولۇپ، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن كۈتكۈچىلەرمۇ ئوتتۇرىدا ئالدىراش يۈرىشەتتى. بىر قۇر سەپ سالدىم. بۇ يەرگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى ئىسكەت كىرىپ قالغانىدى. بىز خېرىدارلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ۋە قاچا - قۇچىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئىچىدىن ئۆتۈپ دېرىزىسى يول تەرەپكە قارايدىغان كىچىك بىر ئايرىم خانىغا جايلاشتۇق. كەينىمىزدىن ئەگىشىپلا كىرگەن مۇلازىمەتچىگە قەيسەر ئۇدۇللا:

- ئاۋۋالقىدەك بولسۇن، - دەپ قويدى.

- ھە، ئەكىرەم! پىراكتىكا قىلدىم دەپ يوقاپلا كەتتىڭ؟ ئۇنداق ياتلىشىپ كەتمەيلى ئاداش! - دېدى ئۇ قارا كۆك كاستيۇمىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويغاچ.

دېمىسىمۇ بىر مەۋسۇملۇق پىراكتىكىنى تۈگىتىپ، تەتىلدىن كېلىپ ئۇ ئىمتىھان - بۇ ئىمتىھان دەپ پالاقشىپ يۈرۈپ بۇ يېقىن ئاغىنەمنى ئىزدەش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئالىي مەكتەپ ھاياتى دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. بەزىدە قوشنا مەكتەپتىكى ۋە بىر مەكتەپتىكى تونۇشلارنىلا ئەمەس، ھەتتا بىر ياتاق بىناسىدىكى دوست - بۇرادەرلەرنىمۇ ئىزدەشنى ئۇنتۇپ، كۈنلەرنىڭ - ئايلارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدىكەن كىشى...

ئىشىكنىڭ تىرىقلاپ ئېچىلىشى بىلەن خىيالىم بۆلۈندى. شىرەنىڭ ئۈستىدە كىچىك تەخسىلىك توخۇ قورۇمىسى، بىرنەچچە خىل ئىسسىق - سوغۇق سەي ۋە بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق تۇراتتى، قەيسەر ھېچ ئىشنى ئايغىنىچە خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

- بۇ نېمە گەپ ئەمدى، بۇ نېمىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ داستىخاننى بۇلغاپ، - دېدىم ھەيرانلىق بىلەن.

- بۈگۈن چىلاشقۇچە ئىچىمىز، - دېدى ئۇ ئاپپاق كۆڭلىكى بىر قىسمىلا كېلىپ قالغان ئورۇق مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

«توۋۋا، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ ئاغزىغا ھاراق تۈگۈل ھاراق دېگەن گەپنى ئېلىشقىمۇ سەسكىنىدىغان ئاغىنەمگە نېمە بوپتۇ ئەمدى؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

- دەرت، ئاداش دەرت ،مەن ئىچمەي كىم ئىچسۇن! - دېدى ئۇ باشمالتاقتەك چوڭلۇقتىكى رومكىغا ھاراقنى لىقلاپ قۇيۇپ.

- مۇشتتەك تۇرۇپ ساڭا نېمە دەرت، باقىدىغان بالاڭ يا كالاڭ بولمىسا، ئاتا - ئاناڭ ئەۋەتكەن پۇلنى خەجلەپ خاتىرجەم ئوقۇۋاتىسەنغۇ!

- خوشە! - ئۇ رومكىنى شاققىدە ئېلىپ ئاغزىغا ئۇزاتتى.

- توختا! - دېدىم كەسكىن ئاۋازدا، - ئۇنداقتا سەن ئىچۋەر، مەن قايتاي.

- يۈزۈم شۇنچىلىكمۇ؟ قېنى بىزنىڭ دوستلۇقىمىز؟ دوستۇم بولساڭ دەرتلىرىمنى ئاڭلا.

توغرا! بىز ھەقىقىي دوستلاردىن، ئۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ كۇتۇپخانىسىدا تونۇشۇپ قالغان. شۇچاغدا ئۇنىڭغا بىر ماتېرىيال لازىم بولۇپ قېلىپ ئالالماي تۇرغانىكەن، مەن گەرچە ئۇنى تونىمىساممۇ سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ بەك ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىكەن دەپ ئويلاپ نىرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا شاققىدە ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ: «ئىشلىتىپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ يانفۇن نومۇرۇمنى قالدۇرۇپ قويغانىدىم. مانا ئۇ ئىشقىمۇ ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى. بىز ئىلىم يولىدىكى ھەقىقىي دوستلارغا ئايلاندۇق. لېكىن ئۆتكەن يىلى بىز پىراكتىكىغا ماڭغۇچە ئۇ خېلى بەستلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بالا ئىدى. ئەمدى ئۇچاغدىكى چىرايىدىن ئەسەر يوق، ھە، ئەسلىدە مۇشۇ ھاراقنىڭ كاساپىتىكەن - دە، قىززىق! بۇ ئاشخانىدا ھاراق يوقتىغۇ؟ بۇ نېمىنى يولتىپ ئالتۇن قەسىرگە ئېشەك باغلىغاندەكلا ئىش بوپتۇ دەپ ئويلىدىم... بوپتۇ! ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقمايمۇ ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس! دېدىم ئىچىمدە.

-مەن گېپىڭنى ئاڭلىمايمەن دېمىدىمغۇ؟ لېكىن ئىچمەيمۇ گەپ قىلغىلى بولىدىغۇ؟

-قولغا مىكروفۇن ئالمساق سۆزلىيەلمەيدىغان بوپقالدۇق. قېنى سەنمۇ دەۋرگە ماسلىشىپ بىرنى كۆتۈرۈپ قويە. ئۆزۈمگە قۇيغاندەك بىلىق كۆزى قۇيمىدىم. مانا بىر يۇتۇملا،- ئۇ شۇنداق دېگىنىچە رومكىغا خۇددى بىر نەرسە جىڭلاۋاتقان ئادەمدەك دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ بوتۇلكىنى سەللا قىڭغايتىپ «شىر!» قىلىپلا ھاراقنى قويدى.

مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ:

- ھارىقىڭنى ئىچمەي گېپىڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بېرەي،-دەپ قويدۇم.

بەزى ئەقىلسىز ئادەملەر باركى ئەگەر كەمچىلىكىنى بايقاپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلسا، ئادەمنىڭ دوستانە نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماقتا يوق ئەكسىچە، بۇنىڭ ماڭا ئالىيجانابلارچە نەسىھەت قىلغۇدەك قانچىلىك سالاھىيىتى باركەن؟ دەپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇش ياكى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر باھانىلەرنى ئىزدەپ باقىدۇ. ھەتتا شۇ يامان ئادەتلىرىگە باشقىلارنىمۇ قوشۇۋالغۇسى كېلىپ زورلاپ باقىدۇ. ئەجەبا ئۇ شۇنچىلىك نادانلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ مانا، ئۇ رومكىنى تەڭلىگىنىچە مەن كىنولاردا كۆپ كۆرگەن ۋە ئادەتتىمۇ كۆپ ئاڭلايدىغان ئىچەرمەنلەرنىڭ «يۈزۈمنى قىلمامسەن! كۆڭلۈم! ئوغۇل بالا بولغاندىكىن گۈپپىدە بىرنى...» دېگەندەك سۆزلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ نەزىرىدىكى ئاتالمىش «جاھىللار» نىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ باشلايدىغان بويسۇندۇرۇش كۈرەشلىرىگىمۇ مەيدانىم مۇستەھكەم ھالدا تۇرىۋەردىم.

-بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن، مېنىڭ ھاراق ئىچكىنىمنى نەدە كۆردۈڭ؟ قېنى بىر چاغلاردا سەن يىگىرمە يىل بوپتۇ ئاداش ئاغزىمغا ھاراق ئېلىپ باقمىدىم، خۇدا بۇيرۇسا ئۇنداق ھارامغا يېقىن يولىمايمەن دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى نېمە ئىش بۇ؟

-بولدى، بولدى!-دېدى ئۇ سەل ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ،-ھاراق دېگەنىنچۇ، ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئىچىدۇ، ئىچمىگەن ئوغۇل بالا...

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. بىراق گۈلدۈرلەپ كەلگەن

كەلگۈن ئىنتايىن مۇستەھكەم توسمىنى بۆسۈپ ئۆتكەندەك ئاچچىق بىر ئەلەم يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كۆز چاناقلىرىمغا كەلگەندە ئۇنى ئاران تىزگىنلىۋالدىم ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. ئاپرېل قۇياشىنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى بىنالار ئارىسىدىن ئۆتۈپ چۈشۈپ تۇرغان پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىدە 26 - 27 ياشلار چامىسىدىكى بىر باققال ئاخىرقى نەچچە ساپاق ئۈزۈملىرىنى ئۇرۇۋقراق كەلگەن كەكە ساقال بىر كىشىگە جىڭلاۋاتاتتى.

-نېمەبولدۇڭ ئادىشوي؟ قىز بالىدەك نازۇكلىشىپ كېتىپسەنغۇ، ئىچمىسەڭ مەيلى. ئاللە تاماقلاردىن،- دېدى ئۇ ئۈستەلدىكى سوۋۇپ قالاي دەپ قالغان توخۇ قورۇمىسى، لازا گۆش، كاۋاپلىق سېرىق چۆپ سەيلەرنى ۋە شوخلا، پىياز، لازىنى ئارلاشتۇرۇپ قىلغان سوغۇق سەيلەرنى كۆرسىتىپ. شۇ ئارىدا چاي چۆگۈنىگە چاي لىقلىغىلى كىرگەن كۈتكۈچىگە مېۋە شەربىتىدىن بىرنى بۇيرۇتىۋالدىم.

قەيسەر ئېغىر بىر ئۇھسىنغاندىن كېيىن بايىقى يېرىم رومكا ھاراقنىڭ ئۈستىگە يەنە لىقلاپ قۇيغاندىن كېيىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ جەينىكىنى ئۈستەلگە قويۇپ رومكىنى ھاۋادا ئۇزاق تۇتۇپ تىكىلگىنىچە دېدى:

-مەن بۇلتۇر كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ 3000 يۈەن ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم، نەتىجەم سىنىپ بويىچىلا ئەمەس فاكۇلتېت بويىچىمۇ يۇقىرى چىقتى.

-شۇنداقمۇ، مۇبارەك بولسۇن ئاداش-،دەپ قويدۇم قايىللىق نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

-رەھمەت ساڭا، بۇ مۇكاپات مېنىلا ئەمەس، ئاتا ئانامنىمۇ بەك خۇش قىلىۋەتتى، مەن گەرچە ساڭا ئوخشاش چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئىنىستىتوتتا ئوقۇۋاتقان بولسامۇ، لېكىن بۇ نەتىجەم ئۇلارغا چەكسىز خۇشاللىق ۋە يېڭى ئۈمىد بېغىشلىدى. تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈم ئۈچۈن بۇ پۇللارنى ئۆزۈمنىڭ ياخشى يەپ، ياخشى ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشىمنى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كومپيۇتېر، تىل ئۆگىنىشكە خىراجەت قىلىشىمنى ئېيتتى.- ئۇ شۇنداق دېگەچ تاماكا ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن تامغا قارىغىنىچە قولىدىكى ھاراقنى سۈمۈرۈپ ئىچىشكە باشلىدى.

شۇنداق، بالا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ئاتا - ئانا خۇشال بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ غەلىبىلىرىگە چىن يۈرىكىدىن چاۋاك ئۇرالايدىغان، ھەتتا شادلىقىغا شادلىق قوشۇپ يەنىمۇ چوڭ مۇكاپاتلارنى قوش قوللاپ سۇنالايدىغان ئادەملەر ئەڭ ئالدى بىلەن يەنىلا مېھنەتكەش، مىننەتسىز ئاتا - ئانا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ مانا شۇيەردە! ئۆزى يېمەي - ئىچمەي بالىلىرىنى ئۇن يىللاپ ئوقۇتىدۇ. بالىلىرى يىراق شەھەرلەرگە ئوقۇشقا ماڭسا قىيالماي كۆزلىرىنى ياشلايدۇ، ئاي ئارىلاپ ئەۋەتىلىپ تۇرىدىغان يەشكىلەردىكى ئاناڭ ئۆز قولى بىلەن يېقىپ شورلىرىنى قىرىپ راسلىغان ئاپئاق نانلاردىن، ئاتاڭ باغدىن يېڭىلا ئۈزۈپ توپا - چاڭلىرىنى پۈۋلەپ - سۈرتۈپ تەييارلىغان ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەردىن ئۇلارنىڭ ئوتلۇق سالاملىرىنى، سېغىنىشلىرىنى كۆرگەندەك بولىسەن.

-ئاندىنچۇ، -دېدىم ئۇنىڭ مۇكاپات پۇلىنى قانداق ئىشلەتكەنلىكىگە قىزىقىپ

ئۇ يەنە بىر رومكا هاراقنى لىقلاپ قۇيۇۋېتىپ پارىڭىنى باشلىدى:

ـ ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بېشىمغا هۇما قۇشىنى قوندۇرۇۋېدىم، ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇشقانلار ئەمەلىيەتتە دوست ئەمەس پارازىتكەن ئەمەسمۇ، دوستلۇقىمىز شۇ پۇللار تۈگىگىچىلا داۋاملاشقان بولدى. قىشلىق تەتىلدىن كېيىن كەلسەم كۆچىدىغىنى كۆچۈپ ياتاقتا ھېلىقى سەن تونۇيدىغان قادىر كالا بىلەن ئەركىن چۈشىنلا قاپتۇ، كېيىن ئايدىڭ بولدىكى، ئەڭ يامان دۈشمەن كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلەر ئەمەس، بەلكى ياتاقتا قالغانلاركەن، ـ دېدى ئۇ هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ.

ـ ئۆزۈڭدىن كېتىپتىغۇ، كىم سېنى بەتخەجلىك قىلسۇن دەپتۇ؟

ـ ها، ها، ها، سەن مېنى ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ قىلىپ چالىدىغانلاردىن كۆرۈپ قالغانمىدىڭ؟ ئۇلار بىزدە ئىقتىسادىي كىرزىس يۈز بەردى، مېھمان قىل دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالدى. بەزىلىرىنى ھەپتىلەپ دېگۈدەك باقتىم، بەزىلىرى قەرز بېرىپ تۇر دېسە يۈز كېلەلمەي مەيلى دېدىم. شۇنداق قىلىپ بۇلتۇر 12 ـ ئايدا قولغا تەگكەن پۇل تەتىل بولغۇچە تۈزۈپ كەتتى، ـ ئۇ شۇنداق دېگەچ رومكىغا هاراقنى قۇيدى. بوتۇلكىدىكى هاراق يېرىمداشقا باشلىغانىدى.

ـ جاهاننىڭ ئىشلىرى شۇنداقكەن ئاداش، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئەگەر بىر ئادەمنى چۈشەنمەك بولساڭ بىر تاغار تۇزنى بىللە يە» دېگەن گېپى تولىمۇ ئورۇنلۇقكەن، بەزىلەرگە ۋاپا قىلساڭ ساڭا جاپا قىلىدىكەن، كېيىن نامەرتلىكىگە پۇشايمان قىلىشتىنغۇ قورقمىسۇن قىيامەتتىنمۇ قورقمامدۇ؟ ئۇلار بولۇپمۇ قادىر، ئۇنى خېلى قولى ئوچۇق ئوغۇل بالا دەپ ئويلاپ ئەينى چاغدا قېرىنداشتەك كۆرۈپ قولۇمدىن كېلىشىچە قىلغانىدىم، بىراق ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن نامەرت نېمىكەن. كېيىنچە ئۇ مېنى مېھمان قىلغان چاغدىكى تاماقلارنىمۇ پۇل ھېسابلايدىغان بولۇپ كەتتى. ساڭىمۇ ئايان، ئوقۇغۇچىلىق هايات دېگەندە يانچۇقۇڭدا بارمۇ ـ بولدۇ يوقمۇ بولدۇ. ياتاقداشلىرىڭ بىلەن بىرەر ۋاق تاماق يېيىش نورمال ئىشقۇ، قادىرنى بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغانلاردىن سانىسام ئۇنىڭ قىلغان قىلىقىغا قارا، مەن ئۇنىڭغا مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئۇ ئېلىپ بەرگەن پولۇنىڭ پۇلىنى سۇنسام ئۇ تەپ تارتماستىن ھەمىيانىنى چىقىرىپ نەچچە تال قىپقىزىل يۈز كويلۇق پۇللارنىڭ ئارىسىغا قىيتىپ قويدى. ئۇنى نېمە دەيدىكىن دەپ:

ـ قادىرجان، بۇ نېمە گەپ ئۆزى، بىز يا بىلىشمەيدىغان ئادەملەر بولمىساق، هازىر بېشىمغا كۈن چۈشتى، قولغا پۇل كىرگەندە تەڭشىلىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ!؟ ـ ، دېسەم ئۇ ناهايىتى ئالىيجاناپلارچە غادىيىپ: «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دەپ قويۇپ چىشىنى كولاپ تۇرۇپتۇ. «ۋۇ قېرى كالا!» دېدىم ئىچىمدە. ئىلگىرى ـ كېيىن پىخسىق نېمىكەن ئۇ. بۇرۇن تېخى ئۇنىڭغا نەچچە يۈز يۈەن پۇل بېرىپ تۇرغانىدىم، نەچچە ئايغا بۆلۈپ قايتۇرۇپ بەركىتىنمۇ قويمىدى.

ـ بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ ئوغۇل بالا ئۇنداق نامەرت بولۇپ كەتسە قاملىشامدۇ؟ يانچۇقۇڭ تۇم ۋاقىتدا تەڭ خەجلىشىپ يۈرۈپسىلەرغۇ، سەن ئۇنىڭغا تامىقىمنى يېدىڭ پۇلىنى چىقار دەيدىغانلاردىن ئەمەسقۇ!

كۆز ئالدىمغا پاكار، سېمىز، قارامتۇل، قىسماق كۆز قادىرنىڭ بىر

تەخسە پولۇنى بىشىنىمۇ كۆتۈرمەي كاپىلدىتىپ يەۋاتقان قىياپىتى كەلگەندەك بولدى.

قەيسەر تەخسىدىكى ئاخىرقى پارچە توخۇ گۆشىنى كاپپىدە يەۋېتىپ:

- بۇ يىگىرمىدىن ئاشقان بىر يىگىتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستە- ،دېدى جىددىي قىلىپ،- ھەر قېتىم مەھەللەمگە بارغىنىمدا بىز بىلەن تەڭتۇش ئاتىلارنى، ئۇلارنىڭ تايىتاڭلاپ مېڭىپ يۈرگەن ئۇماق باللىرىنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ ئەرلىك مەسئۇلىيىتىمنى يەنە بىر رەت تونۇغاندەك بولىمەن. مانا كېلەر يىلى مەكتەپ پۈتتىدۇ، بىز ئوقۇمىغان بولساق تويى قىلىپ بالا چاقىلىق بولۇپ كېتەتتۇق. بەلكىم چوپچوڭ بوپقالغاندا كىچىككىنە بىر ئىشلاردىمۇ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى ھېسابلىشىپ، مەنپەئەت مەسىلىسىگە تاقىۋالساق قانداق بولغىنى ئەمدى، ئادەم ئادەم بىلەن ئادەمدە.

«ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ماقالىنىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ خەققىمۇ بەرمەيدىغان، خەقتىنمۇ ئالمايدىغان، «مەن» دۇنياسىدىلا ياشايدىغانلار ئۈستىدە ئويلاپ قالدىم. توغرا، جاھاندا ھەممە نېمىنىڭ ھېسابى بار، ھەقىقىي دوستلار، قېرىنداشلار ئۆز بولغىنى بىلەن مال - دۇنيا يات. شۇنداق بولغاچقا ھېساب - كىتابنىڭ جايىدا بولغىنى ياخشى. بىراق بۇ دېگەنلىك دوستلۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ھېساب - كىتابقا چۈشۈپ كەت ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋال دېگەنلىك ئەمەستە!؟ ئۆيدىن ئايرىلىپ يىراق شەھەرلەردە ئوقۇۋاتقان ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. قېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان ياكى ئوقۇۋاتقانلاردىن قايسى بىرلىرى يەككە - يېگانە ھالدا ئۆتۈپتۇ؟ بارمۇ دەيلى، بىراق ئۇنداق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟! 80 - 90 - يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققانلارنىڭ مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولۇشۇپ ئوقۇپ، ھازىرغىچە ئىزدىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئاجايىپ گۈزەل ساۋاقداشلىق مېھرى، ئۈزۈلمەس رىشتە توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن تولىمۇ سۆيۈنىسەم، بۈگۈنكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى قادىرغا ئوخشاش شەخسىيەتچىلەرگە ئەپسۇسلىنىمەن! قېنى شۇنداقلارنى ماددى ئاچكۆزلۈكى زادى نەگە ئاپىرىپ تاشلاركىن!؟ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ماقالىنىڭ «يۈندىسىنى ئىت كۆرمەس، ئىسنى بۇلۇت كۆرمەس» لەرنىڭ دەستىكى بولۇپ قېلىشى دوستلۇق مېھرىنى سۇسلاشتۇرىدىغان كۈشەندە.

ھاراق پۇرىقىدىن دىماقلىرىم ئېچىشىپ ئاللىقاچان سىزىمنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرىۋېرىپ دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، ئەمدى دېرىزىنى ئاچتىم. سالقىن شامال بىلەن تەڭ ئۆرۈمچىنىڭ قايناق كېچىلىك مەنزىرىسى كۆزگە تاشلاندى. غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان پىكاپلار ۋە تېز لىنىيەلىك ئاپتوبۇسنىڭ يوپيورۇق چىراقلىرى كوچا چىراقلىرى بىلەن بىرىكىپ ئۆزگىچە جۇلالىناتتى. پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر باش باھاردىكى ئۈرۈمچىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

- گېپىمنى تىڭشاپ ئولتۇرىۋېرىپ زېرىكىپ قالدىڭغۇ دەيمەن- ،دېدى ئۇ دېرىزە ئالدىدا سىرتقا قاراپ

تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ. دەل شۇۋاقىتتا يېقىملىق كۈلكە ئاۋازى بىلەن تەڭلا دۆڭكۆۋرۈك تەرەپتىن مەكتەپ تەرەپكە كېتىۋاتقان سۈرەتتەك ئۈچ قىز كۆزگە تاشلاندى. ئۇلار قولتۇقلاشقىنىچە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

ـ ھە، راست! بايا بىر قىزنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭ، قېنى سۆزلىمەمسەن ـ ،دېدىم قىزىقىپ.

ئەمما، ئۇ گەپ سۆز قىلماي بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئېغىر ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارىنى سۈكۈت باستى. بەلكىم ئۇنىڭ مەلۇم سۆيگۈ كەچۈرمىشلىرى باردۇ، ئازاپ يارىلىرىنى يەنە تاتىلاپ كۆڭلىنى بۇزغۇسى يوقتۇ؟

ئۇتتۇيۇقسىزلا رومكىغا ھاراقنى شىرىلدىتىپ قويۇپ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى رومكىنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. بوتۇلكىدىكى ھاراق تۈگەيلا دەپ قالدى.

ـ نېمە بولدۇڭ؟ ئىشىكى يۈتۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئىچىۋەردىڭغۇ؟ مېنىڭدەك بىر دوستۇڭنىڭ گېپىنىغۇ ئىلىك ئالما بوپتۇ، لېكىن جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. قاراپ باقە ئەپتىڭگە، بۇرۇنقى ئىسكەتىڭدىن ئەسەرمۇ يوق، ئورۇقلاپ ئەرۋاھدەك بوپقاپسەن، ـ دېدىم ئاچچىقتا.

ـ بىرەر ئۇلاغ يۈتۈپ كەتسىغۇ كارايىتى چاغلىق ئاغىنە! لېكىن مېنىڭدەك غورۇرى، پاك سۆيگۈسى دەپسەندە قىلىنىپ گۈزەل مۇھەببىتى ئاسىينىڭ قولىدا تۇزكورغا يەم بولغان دەرتمەن ئىچمەي كىم ئىچسۇن! بۈگۈن چىلاشقۇچە ئىچىمەن، تاڭ ئاتقۇزمىسام ھېساب ئەمەس! ـ دېدى ئۇ شىرەنى مۇشتلاپ، شىرەدىكى قۇرۇغدىلاي دەپ قالغان بوتۇلكا ۋە تەخسىلەر تەۋرەپ كەتتى. ئۇ سەل مەست بولۇشقا باشلىغانىدى.

ـ قايسى ئاسىي، قايسى تۇزكور؟ نېمە دەۋاتىسەنوي؟ ـ دېدىم ھېچنېمىنى

ئاڭقىرالماي.

ـ ھېلىقى مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ئاسىيە بىلەن ياتاقدىشىم ئەركىن چىۋىنچۇ!

ـ ئۇلارغا نېمە بوپتۇ، ـ دېدىم ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپ خۇددى يەرگە چۈشۈپ يوقاپ كېتىدىغاندەك تىكىلىپ قاراپ.

ـ نېمە بولاتتى؟ ئاسىيە ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئاشۇ نىجاسەت پۇرايدىغان چىۋىننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئاسىيە! كۆز ئالدىمغا بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ چاڭىلداپ سۆزلەيدىغان بىر قىز كەلدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇلتۇر يازلىق تەتىلگە چىقىدىغان چاغلار ئىدى، قەيسەر ماڭا تېلېفون قىلىپ:

ـ ئاسىيە ياتاق كۆچىدىكەن، سەنمۇ كەلسەڭ بىللە كۆچۈشۈپ بېرەيلى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەكتىپىگە باردىم. قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىدا قوي كۆزلۈك، سەل قاڭشارلىق، ئەمدىلا يىگىرمىلەردىن ھالقىغان، قارا، كۆك، يېشىل بالداقسىمان ئۈچ خىل رەڭلىك، تىزلىرىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كۆينەك كىيىپ، پۇتىغا نەپىس يازلىق خۇرۇم ئاياق كىيىۋالغان، زىلۋا بويلۇق بىر قىز تۇراتتى. كۆزىگە تاقىماي پىشانىسىگە تاقىۋالغان رەڭلىك كۆز ئەينىكى، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان دولىسىغا چۈشكەن چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ جەزبىدار كۆرسەتەتتى. ئۇ شۇچاغدا تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانىكەن، بىزگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ غۇنچىدەك لېۋى، ئاپئاق يۈزلىرىدىكى زىناقلىرى ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى تېخىمۇ نامايان قىلاتتى. قەيسەر مېنى نوقۇپ:

ـ ئاسىيە شۇ، ـ دېگەنىدە، «ھە، ئەسلىدە قەيسەر يۇرتىمىزنىڭ پەخرى،

ئىنىستىتوتىمىزنىڭ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىسكرىپكا ماھىرى دەپ تەرىپلىگەن قىز مۇشۇ ئىكەنىدە» دەپ ئويلىغانىدىم.

لېكىن ئاسىيە تېلېفوننى قويۇپلا، تۈزۈك سالام - سائەتمۇ قىلماستىن ئۇستىۋېشىمغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

- ۋاي - ۋۇي بىر قېلىپتا قويۇپ چىقارغاندەكلا ئوخشاش كىيىنىۋالغان يىگىتلەركەنغۇ بۇ، قېنى يىگىتلەر جاپاغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم- ،دەپ كۈلگەنىدى.

تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا ئۇستىۋېشىمغا سەپسالغان بۇ قىزغا نىسبەتەن سەل بىر قىسما ھېس قىلغانىدىم. شۇڭا يەرگە قالايمىقانلا قويۇلغان يوغانىراق سومكا، چامادان، چايدان، داس قاتارلىقلار ئىچىدىن، چامادانىنى سۆرىگىنىمچە ماڭدىم. شۇ كۈنى قەيسەر پېژغىرىم ئىسسىقتا، يارىشىملىق ئاپئاق كۆڭلەكلىرىنىڭ، ۋىلىلداپ تۇرغان بەتىنكىسىنى يېپىپ تۇرغان پىچاقنىڭ بىسىدەك قىرى چىقىپ تۇرغان شىمىنىڭ توپا بېسىپ كېتىشىگە قارىماي، يەردىكى يوغان بوپىا قىلىپ تېڭىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەرنى شاققىدە مۈرىسىگە ئېلىپ دىكىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدىلا ۋاسكىتبول مەيدانىدىن كېسىپ ئۆتۈپ تۇرۇۋشىمىزغا، بىر قولىغا چايدان، بىر قولىغا داس كۆتۈرۈۋالغان ئەركىن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇستىدىكى چاچلىرىنى يىڭى ئۆسۈپ چىققاندەك قىسقا ياسىتىپ چوققىسىدىكى خورازنىڭ تاجىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئۇزۇنىراق چاچلىرىنى قىزغۇچ بويىۋالغان پاسونىغا، يېڭىلا ئاقلانغان پىيازدەك سىدام يۈزلىرىگە، ھەييارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، كالتە كېلىپ قالغان جىلتىكىسىغا، ئوشۇقىنىڭ ئۇستىدە پولاكلاپ تۇرغان گاچا ئىشتىنىغا ۋە پۇتىدىكى مەسىگە ئوخشايدىغان غەلىتە ئايىقىغا قارىدىم. ئۇنىڭ ئوغۇل بالىغا خاس بولمىغان تەقى - تۇرقى پەقەتلا كۆزۈمگە سىغمىدى.

- بۇ نېمە سىزنىڭلار ئەمدى؟ - دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇستىدىكى ئىككى تال سىزىقنى بىگىز بارمىقىم بىلەن كۆرسىتىپ.

- يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان مودا پاسون! - دەپ قويىدى ئۆزىچە پەخىرلەنگەندەك.

- مەن تېخى ساتىراش ئۇستام مۆگىدەپ قېلىپ ئۇستىرىنى خاتا تەگكۈزۈپ قويغان جايمىكىن دەپتىمەن.

ئۇ ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويىدى. مەن ئۇلاپلا:

- بۇ ئىشتاننىڭ ئايىقىنى كېسىپ پېتەك قىلدۇقمۇ ئەمدى، ئوشۇقىمىزمىغۇ خەققىنىڭكىگە ئوخشاشكەن بولمىسا، نېمە بۇ؟ قىزلارمۇ كىيسە، ئوغۇللارمۇ كىيسە؛ مودا قوغلىشىۋېرىپ يىگىتلىك سالاپىتىمىزنى يوقاتمايلى ئاداش! - دېسەم ئۇ تاتارغىنىچە قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ كەينىمىزدىن سومكىسىنى كۆتۈرۈۋپ كېلىۋاتقان ئاسىيەگە بىر نېمىلەرنى دېگەچ قولىدىكى سومكىسىنى ئېلىۋالدى. كۆڭلۈم بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى. «ھە، بايا ئەسلىدە ئۇنىڭغىمۇ تېلېفون قىپتىكەنىدە... قارىغاندا بۇ پەرىنىڭ غېمىنى يەيدىغان پەرۋانىلەر خېلى كۆپ ئوخشايدۇ» دېدىم ئىچىمدە. بىراق قەيسەرنىڭ ئادەتتە:

- ئۇ خۇددى مېنىڭ سىڭلىمغا ئوخشايدۇ، يۇرتىمىزدىن مۇشۇنداق بىر ئوقۇغۇچى چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن، - دېيىشلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ قىزغا نىسبەتەن باشقىچە ھېسسىياتى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ سۆيگۈ كەچۈرمىشلىرىنى

ئۆزئاغزىدىن ئاڭلايلى:

- بېرىش - كېلىشلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، - دەپ گەپ باشلىدى قەيسەر، - يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن يۈردۇق. مەن بۇ تۇنجى سۆيگۈنۈمگە بارلىقىمنى ئاتاپ بىر ئۆمۈر سادىق بولۇشنى نىيەت قىلدىم، ئۇ مودا كىيىملەرگە ئامراق ئىدى، مەن تەتىلدە كۇرۇسقا قاتنىشىمەن دەپ يىغىپ قويغان پۇللىرىمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سورىۋەتتىم. تەتىلدە جىممىدە ئۆيگە كەتتىم، تەتىلدىمۇ ئۇ ئۇنداق - مۇنداق سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆيىدىن سىرتقا چىققىلى ئۇنىمايتتى. شۇڭا تۈزۈكرەك كۆرۈشەلمىدۇق. تەتىلدىن يېنىپ كېلىپ بىر ئۆزۈم بىلىمەن ئاداش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرمىگەن كۈننى كۆردۈم. يانچۇق قۇرۇشقا باشلىۋىدى ئۇمۇ سۇسلاشتى، ئاخىرى ئامالسىز سەنشىخاڭزىدىكى ئىشلەمچىلەر بازىرىغا بېرىۋالىدىغان بولۇپ قالدىم. مارت ئايلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ قىشى تېخى ئۆتۈپ بولالمىغانىدى. بەزى كۈنلىرى كېچە - كۈندۈز ئىشلىدىم. سوغۇقنىڭ، ئاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. لېكىن قانچىلىك جاپا چەكسەممۇ، ئۇنى ئويلىساملا مادارغا تولاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ بىرەر ۋاق تاماق يېسەم ھارغىنلىقىم نەلەرگىدۇر غايىپ بولاتتى...

دېرىزىدىن كىرگەن سالقىن شامال قەيسەرنى سەگىتىپ قويغانىدى. ئۇ قېنىق دەملەنگەن چايدىن ئوتلاپ، بىرنى كىكىرگەندىن كېيىن كەينىگە يۆلەنگەچ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئالماشتۇرۇپ جىممىدە ئولتۇردى.

- تۇۋا! خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان جىمى تۈلكە سۈپەت ئالدامچىلار ئۇدۇل كېلىپ سىڭىلا جۆندەمدۇ دەيمەن - ، دېدىم مەن.

ئۇ ئۈندىمىدى. ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر پەس قارىۋېتىپ، رومكىغا لىقلاپ ھاراق قۇيدى - دە، رومكىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

- شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى جاپا بىلەن يىغقان پۇللىرىمغا خانىم - قىزلار بايرىمىدا ئۇنىڭغا بىر ئىسكىرىپكا سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلدىم. ئۇ بەك خۇشال بولدى. بىراق بىر ھەپتىدىن كېيىنلا مەندىن ئايرىلىپ كېتىپ ئەتىسلا ئەركىن بىلەن يۈرۈۋالدى. ئۇنى جاھاندىكى قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل قىز دەپ يۈرۈپتىمەن، ئېست! ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمىدى. قەدرىمنى بىلمىگەن ۋاپاسىز قىز ئۈچۈن خوشە! - ئۇ رومكىنى ئۈستەلدىن قانداق تېز ئالغان بولسا ئىچىدىكى ھاراقنىمۇ شۇنداق تېز ئىچىۋەتتى، - سەن دەپ باقە؟ مېنىڭ ئاشۇ يا ئوغۇلغا يا قىزغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە ئەركىن چىۋىنىدىن نەرىم كەم؟ ئاسىيە ساراڭمۇ دەيمەن، مانا ماڭا ئوخشاش ھەقىقىي ئەركەك بىلەن يۈرمەمدۇ!؟ تۇفى، پوق چىۋىنى! سەن دەپ باقە ئاداش؟ مېنىڭ ئاسىيەگە كۆيگىنىم گۇناھمۇ؟

كۆڭۈل مەسىلىسىگە بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدىكەن. كىشىلىك ھاياتتا ھەممە مەخلۇقات ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى بىلەن تەڭ يارىتىلغان. ھەممە ئادەمنىڭ پېشانىسىدا بىرسى بار دېگەن بىلەن بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمى ئايدەك ئاشكارا بولىدۇ. بەزىلەر كىشىلىك ھايات يولىدا ئۇچراشماس پاراللېل سىزىقلاردەك تېپىشالماي ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن! يەنە بىر قىسىملار بولسا ياشلىقى يەكۈن ياساپ قىرانلىققا يەتكەندە، ئالدىغا ئۇچرىغان بىرەر نۇقتىنى مېنىڭ پېشانەمدىكىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئۆز

- ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزى قىزلار ئاق ئاتلىق شاھزادىسىنى ئىزدەپ ئاۋارە، ئەلۋەتتە، يىگىتلەرمۇ چۈشىدىكى پەرىشتىسىنى ئىزدەيدۇ. قەيسەر «پەرىشتە» منى تاپتىم دەپ خۇشاللىقىدا بېشى ئاسمانغا يەتتى. ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقمىدى. نەتىجىدە...

خۇددى شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن:

قىسمەتلەرگە تولغان ئالەم بۇ،
كۆرمىگەننى كۆرەرسەن تېخى.
تەنتەكلىكتە تاشلاپ كەتكەننى،
ئەلدىن ئىزدەپ يۈرەرسەن تېخى.

دەپ ئېيتقاندەك، كىم بىلىدۇ ئاسىيە كېيىن پۇشايمان قىلامدۇ تېخى!...

قەيسەر بوتۇلكىنىڭ تېگىدە قالغان ھاراقنىڭ ھەممىسىنى رومكىغا قۇيغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

-ئۇ ماڭا ئۇستى - ئۇستىلەپ زۇلۇم قىلغۇدەك نېمە گۇناھ قىلدىم دەيمەن. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك مېنى تاشلاپ كۆز ئالدىمدا شۇ چۈشىن بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرۈۋاتامدۇ. تېخى قانداق قىلالايسەن دېگەندەك كۈندە دەرستىن چۈشۈپ ياتىقىمىزنىڭ كەينىدىكى گۈللۈكتىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاسىيە ئىسكىرىپكىنى چېلىپ بەرسە، ئەركىن پالاقلىتىپ چاۋاك چېلىپ كېتىدۇ. ئۇ چۈشىن «خانلەيلۇن»، «مودەنخان» دېگەن ناخشىلىرىمىزنى بىلەمتى؟ پۇتۇنلەي چەتنىڭ دىسكو مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايدىغان نېمە تۇرسا ئۇ! تېخى ناھايىتى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان كىشىدەك تەڭ غىڭشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ، ئىشەكنىڭ قۇلىقىغا غىجەك چالغاندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ.

قەسيەر رومكىدىكى ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

-بولدى قايتايلى، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە باردى، -دېدىم مەن چاپىنىمنى كىيگەچ.

-ياق! -دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ، -مەن يەنە ئىچىمەن، چىلاشقۇچە ئىچىمەن. ئويلاپ باقە مېنىڭ ئۇ چۈشىنىدىن نەرىم كەم؟ ئۇ ئىككىسى كۈندە مەن ئۇچۇن ماتەم مۇزىكىسى چېلىشىپ مېنى يەر شارىدىن تېزراق يوقالسۇن دەۋاتىدۇ! دېدىمغۇ... تاڭ ئاتقۇزمىسام ھېساب ئەمەس، چىلاشقۇچە ئىچمىسەم دەردىم چىقمايدۇ...

-سېنىڭ ھېچ يېرىڭ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئاداش! بولدى، ئەرزىمەس كىشىلەر ئۇچۇن ئىچىۋەرمە.

-ياق... مېنى... توسما! كەيپىڭكتە بىردەم بولسىمۇ ئازابلارنى ئۇنتۇغىلى قويە!

-مۇھەببەت ئۇچۇنمۇ ئىچسەڭ؟ زىياپەت ئۇچۇنمۇ ئىچسەڭ؟ تاتلىقتىنمۇ - ئاچچىقتىنمۇ بوتۇلكىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالساڭ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزەڭنى نابۇت قىلىسەن جېنىم ئاغىنە! قەددىڭنى تىك تۇت! ئۇلار ئىسكىرىپكىسىنى چېلىۋەرسۇن، سەنمۇ بىر كۈنى ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل قىز بىلەن ۋىسال سازىنى چالىسەن، -دېدىم ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپ.

-ھا ھا...شۇنداقمۇ؟ بۇ نېمىدىگەن پاساھەتلىك شائىرانە سۆز- ھە!؟ سەنچۇ؟ سەن بىرەرسى بىلەن يۈرمەمسەن... قاچانغىچە كىتاب خالتىسى بولۇپ يۈرىۋېرىسەن...

گۈزەل ھېسلارغا باي ياشلىقتا كىمنىڭمۇ سۆيگۈ شارابلىرىدىن ئوتلاپ باققۇسى يوق؟ مۇھەببەت، ئازاب، ھىجران توغرىسىدىكى چىرايلىق ھېكايىلەرنى، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشىلارنى كۆپ

ئاڭلىدىم. مەنمۇ بىراۋلارغا كۆيگەن. گاھ كۆڭۈلنىڭ تۇتقۇنلىرىغا ئايلىنىپ، گاھ سۆيگۈ دەرياسىدا ئاققانمەن. بەلكىم پىنھان سۆيگۈلىرىم جۈرئەتسىزلىكىمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ بەخت دەرۋازامنىڭ ئاچقۇچى ئالىقاندىداق يەرلەردە چۈشۈپ قالغاندۇ! لېكىن «چىمەنلەر ئىچىدە نازۇك چىمەن بار»، شېرىن بەختىنىڭ تەمى بىرخىللا ئەمەس. ھەقىقىي بەختكە تۇتىشىدىغان يول بىرلا ئەمەس. ھەركىمنىڭ ئېڭىدا ھەرخىل ئەكس ئېتىدۇ. مەن «بىلىم ئىشقىدا» نامىلىق شېئىرنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ مارشى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. ھەممە كوچىدا ھەرخىل ئادەم بار. شۇڭا مۇھەببەت كوچىسىدا ئازاپ چېكىۋاتقان بۇ ئاغىنەمنىڭ ئەلەملىرىگە ئەپسۇسلانمىسامۇ بولىدۇ. بىراق ھەقىقىي غۇرۇر، سەممىيەت ۋە چىن ۋاپانىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا نەپرىتىم تولۇپ تاشىدۇ...

«چاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ پارچىلىرى ھاراق دۇكىنىنىڭ ئالدىنى بىر ئالدى. ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى پىيادىلەر ئەتراپقا تارىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بەزىلەر ساراڭمۇ نېمە؟ دېگەندەك ئالىيىپ قاراپ قويدى. دۇكاننىڭ خەنزۇ خوجايىنى قەيسەرگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ماڭا قارىدى، نەپرەتلىك كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

دەل شۇچاغدا، بىر مەست غالداڭلاپ كېلىپ ئوڭغا بىرنى سولغا ئىككىنى دەسسەپ ئاغىل - تاغىل ۋارقىراپ ناخشىنى بولۇشىغا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى:

ھاراق دېسە ئۆلگەنلەر،
ۋاي!
دوزاخ ئوتىدا كۆيگەنلەر،
ھالىڭغا ۋاي!
شاراپسىز شاشلىق...

ئۆرگىلەي، چۆرگىلەي...
سەندىن!
قېنى سەن ئالتۇنلۇقۇم ۋا.....ي!
غىق، غىق، قىق تۇق! تۇۋقى قەلەندە چوشقىلار...

- ئەكرەم! بۇنىمە قىلىق؟ ھارىقىمنى چىقىۋەتتىڭغۇ؟ ياتاققا ئەكىرىپ ئىچىدىغان ھارىقىم، ئېست! چىشىنى چاقالمايدىغان بولدۇم... غىق غىق ھۆ!...

ئۇ شالاقلىتىپ ئايىقىغىلا قۇستى.

- ماڭە، لەقۋا! ياتىقىڭغا كىرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا! - دەپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ماڭدىم. ئاندىن ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ ياندىم.

كېتىۋاتىمەن. ئاچچىق ئەمما مەڭگۈلۈك ئەسلىمە يۈرىكىمنى تىلغىماقتا. بۈگۈن دوستۇم ئۈچۈن يۈرىكىم يارىسىغا تۇز سەپتىم. ئېست! مۇشۇ «ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئىچىدىغان» نېمە بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن تويى بولىدىغان ئاكام بىز بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان ئەمەسمۇ؟ ئۇ شۇكۈنى ئەمدىلا موتوسىكىلىتىنىڭ ئۈستىگە چىققانىكەن، مەن:

- نەگە ماڭدىڭ بۇ زاۋال ۋاقتىدا؟ - دېسەم ئۇكۈلۈپ قويۇپ:

- ئاغىنىلەرچاقىرىپتۇ. بىردەمدە كېلىمەن. - دەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

پاتىراق قايتىپ كەل جۈمۇ، - دېگەنىدى ئاتاممۇ.

لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە ئاكام قايتىپ كەلمىدى. تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى. بىز مەھەللىدىن يىراقراق يېزا بازىرى بىلەن مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى سايلىقنى كېسىپ ئۆتكەن يول ياقىسىدىكى سۆيى يوق سىمونت ئېرىقتىن ئۇنىڭ جەسىتىنى

تاپتۇق. ئاغىنىلىرىڭ دېيىشىچە، .شۇ كۈنى ئۇلار ئىچىشىپ مەستچىلىكتە ھەممىسى ھەر ياققا مېڭىشىپتۇ. ئاكام موتوسىكىلىتىنى مىنىپ ئۆيگە ماڭغاندەك قىلغانىكەن، قالغىنىنى بىلمەيدىكەن. بۇ ئىش ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانامغا قاتتىق زەربە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىردىنلا تۇيۇقسىز قېرىلىق يەتكەندەك چۈشكۈنلىشىپ مانا ھازىرغىچە كېسەل چىرماپ تۇرىۋاتىدۇ. ئاتام شۇچاغدا يىغلاپ تۇرۇپ قازاغا سەۋر دېدى. ئانام ئاللىقاچان ھوشىدىن كېتىپ دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە داۋالاندى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاكام مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىمنى ئاڭلاپ تولىمۇ خوش بولۇپ:

-يارايسەن ئۇكام، يارايسەن! ياخشى ئوقۇ. ئۆينىڭ ئىشىغا مانا مەن بار. تەكتىكى ئۇزۇملەرمۇ خېلى ئوخشىدى. تىرىشىپ ئىشلەپ سېنى ئاخىرغىچە ئوقۇتىمەن. كەلگۈسىدە ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ بالامنى ئوقۇتىسەن جۇمۇ!-دېگەنىدى. ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس!

تۆت يىل بۇرۇنقى شۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا قايتا گەۋدىلىنىپ، يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك قاتتىق قىينىماقتا.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر زۇلفىيە ئىسمايىل




## ئەراپات ئابدۇرۇسۇل

### غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرغا

سامادىن ساقىغان گۈلگۈن چېچەكلەر ئەپتىدە سەن بار.
ناۋادىن بالقىغان تۈرگۈن تىلەكلەر تەپتىدە سەن بار.

لاياقەت ساھىبى سىغداپ كېلۇر سۆيگۈنى ئالەمگە.
لاۋادىن ئالجىغان سۈرگۈن يۈرەكلەر تەكتىدە سەن بار.

زىلال زەردابلىرىڭ سۈندى زاكاتتىن قانچە روھىمغا،
جامالىڭ شولىسى يەتكەن جۇنۇنلار رەشكىدە سەن بار.

قەلەندەر قۇرلىرىم كۆيگەن بېشىم تەسۋىرىدىن پارچە،
ساپايى راسلىغان سائىل ساراڭلار تەختىدە سەن بار.

ئۇرانىم ئويدى ئاشىقلىق كوينى تۈنگە - تاڭلارغا.
قىلارغا تاغنى كۇمپەيكۇم تىنىقلار ئەۋجىدە سەن بار.

دىدار مەۋجۇتلىقىن ئىزدەپ دىلىڭدا كۆيدى مۇشتاغلىق،
راۋاسىز سەلتەنەتلەرنىڭ داۋاسىز دەردىدە سەن بار.

قاچانكىم قەستى ئۇتغۇردىن تېنىمغا كىردى غايىپ جان،
ھاياتنى سۆيمىسەڭ مەنزۇر ھالاكەت چەرخىدە سەن بار.

## تۇرسۇن قۇربان تۈركەشكە

زامان زەردابى قەلبىڭگە قەدىمدىن ئۆتنە قالغانمۇ؟
نەۋايى غەزىلىدىن بىر ئوت ئېلىپ باغرىڭغا سالغانمۇ؟

ئەسىرلەر ئارتتى ئۆشنەڭگە شەرەپلىك يۈكنى بۇ مەرتەم،
هۆسەيىن① هۆكمىنى ياكى ئۆزۈك ئۈستۈڭگە ئالغانمۇ؟

ھەقىقەت جىلۋىسىدىن نۇر ئېمىپ كەلمەكتە جۇت ئالەم،
دېدى كىم: ھەزرىتى ھەيدەر② سۆزىڭگە قاتتى يالغانمۇ؟

يەنە كىم شاھى داستانىنى③ خوتەن پەرھادىغا پۈتكەن،
نەفىسە④ نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ دەۋرانىنى چالغانمۇ؟

تىلىمنىڭ ئاھىدىن جامىي⑤ تىلىغا پەنجە ئۇرغان كىم؟
تىرەن تاۋۇشلىرىم شۆھرەت تاپاردا ئەلدە چانغانمۇ؟

ئارىفلىق پەيتىدە ئارمان بىرىپ ئايرىلدى ئالەمدىن،
مۇھەببەت ئالىمى ئىچرە ئۆمۈر ئىنسانغا قانغانمۇ؟

غۇرۇنىڭ ۋەجھىدىن بۇ ئوت مىراس ئەيلەندى مەنزۇرغا،
تەپەككۇر بەيگىسى ئىچرە يەنە تۈركەشمۇ تالغانمۇ؟

## مەتتۇرسۇن ئېلىغا

يارالماق كاتتا ئىنئامدۇر ياشاش ئىنئامغا ئىنئامىڭ.
ھاياتقا سەن ئەمەس مىھمان ھاياتتۇر ئەسلى مىھمانىڭ.

قەدىر پەريادىدىن قەلبىڭ قوقاسلار چاچتى قەددىڭگە،
قېنىڭنى خورۇتۇپ ئەلۋەك چىچىلدى ئەلگە ئېھسانىڭ.

جاراھەت پەنجى تەرىڭدىن شىپالىق تاپتى ھەر لەھزە،
كىشىگە بەرگىلى ئىمكان قولۇڭدىن كەتتى ئىمكانىڭ.

مەقامەت مەنزىلىن كۆزلەپ بەسىرلىك يەتتى كۆزلەرگە،
چېنىڭنى سالدى ئۇسسۇلغا يۈرەكتە ئىشقى ئىسيانىڭ.

قەلەمنىڭ ۋەجھىدىن قەددىڭ قەلەندەر جەندىنى ياپتى،

جاۋاھىر قۇرلىرىڭ بىرلە ھامان ئۇلغايدى ۋىجدانىڭ.

جەبىرلەر كۆلكىسىدىن خۇش كۆڭۈلنى ئەيلىمە خەستە،
بۇزۇلغان ھەممىگە بەرھەم بىرەر ھەردەمدە ئىرپانىڭ.

ئىنايەت سەلكىنىڭ مەنزۇر بېشىنى سىپىلاپ ئۆتكەن،
ئىلىم دىۋانىسى قىلدى مېنى بىر قەترە ئىلھامىڭ.

## زەمىر سەئدۇللازادەگە

جاھاننىڭ ئىشكىدىن مىڭ شاھ يەنە شەرمەندىلەر ئۆتكەن،
بۇ يوقلۇق ئەسرى بەش ئالەم بۇيۇك بەخشەندىلەر كۈتكەن.

مۇھەببەت سىغدى مىڭ يىللىق سىنىڭ مەستانە ناخشاڭغا.
ئىلىم ئەنگۇشتىرىن تاپتۇق زامان غەپلىتىدە يۈتكەن.

چۇشۇڭنى چالغىتىپ چىققان خەلىلىنىڭ⑥ روھى قاي كەچتە.
نەسىردىن⑦ قايسى تەقلىتتە قېنىڭغا ئوت بولۇپ چۈشكەن.

باراۋەت راسلىدىڭ ئەلشىر بىلەن بابۇرغا ئەجرىڭدىن،
كۆڭۈللەر قەسرىگە شەمسى⑧ روھىدىن مەنىلەر كۆچكەن.
ئارۇزدىن، بەھر، رۇكىندىن بالاغەت تاپتى بۇ نەزمە،
قاچانمۇ ئەھلى ئەجداتنىڭ ئوتى ئەۋلادىدا ئۆچكەن.

كىتابەت زەۋقىدىن دىلغا تۇمەنلەپ ئىشتىياق سىڭدى،
قەلەمگە كىم ئاۋۋال مۇنداق تىرەن مەپكۇرىلەر پۈتكەن.

كامالى ئىھتىرام بەھرى ھەزەجكە بەردى مەيلىمنى،
ئارۇزنىڭ ئىشقىغا مەنزۇر كەبى پەيۋەندىلەر مۆككەن.

## ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەتكە

تەۋەللۇت دەپتىرىن ئاچساڭ زامان ئاقىلنى كەم تاپقاي،
غېرىبلىق شەۋكىتىن ئالساڭ غەنىيلىك سەندە تەم تاپقاي.

قېنى، مۇرشىدلىرىڭ باشلار تىرىك مۇردامنى مەنزىلگە،
دىيانەت پەيتىدە غاپىل ۋۇجۇدلار غەرقى غەم تاپقاي.

جاراھەت چەرخى ئوخشاتتى سۇنۇق روھىڭنى چەمبەرگە،
كەرەم ساھىبلىرى كۆلپەت ئارا كۆلمەككە پەم تاپقاي.

يەسەۋى قۇللۇقى بىرلە غەنىيمەت ئالدى شاھلىقنى،
تەسەۋۋۇپ ئىشتىياقىدىن زالالەت زەھرى ئەم تاپقاي.

زامانلار سەتھىگە كىم ئۇ شاكال ئارماندا كۆل چاچقان؟
نىھان نۇر چاچتى كىم جەزمەن نۇرىستان بىرلە جەم تاپقاي.

رەقىبلەر سۇنسا تىغ، سۇندۇڭ تىلىڭدىن تامدۇرۇپ شەربەت،
مۇھەببەت دەشتىدىن تەشنا يۈرەك زەمزەمنى ھەم تاپقاي.

كالامپاي قۇر بىلەن مەنزۇر كۆڭۈل ئۇتماقنى ئىستەيدۇ.
نىھايەت ئۇشبۇ قۇرلارمۇ نەۋا پەسلىڭدە نەم تاپقاي.

## ئابدۇللا مەتقۇربانغا

ساڭا باب كەلدى قۇرلارغا ئەجىردىن دەستە قوندۇرماق،
پەزىلەت ئەھلىگە پەرھىز دىبان يوقلۇقنى تولدۇرماق.

ھەقىقەت مەنزىلىدە شوخ مېڭىشتۇر سۇغرە مەۋقەيىڭ،
ئەمەسكىم خاھىشىڭ ئالەم ئارا ئابىدە ئويدۇرماق.

شاماللار سۆزلىگەي نامىن كىشىنىڭ تۈنگە، تاڭلارغا،
ئەمەسكىم قىممىتى ئالەم لەھەلدىن قەسرى قۇيدۇرماق.

ئەزەللىك، ئەبەدىيلىكتىن ئىناۋەت تاپقۇسى ئىنسان،
لاياقەت ئۆڭسە، ئۆلمەكتىن قېيىنغۇ ئەرگە ئولتۇرماق.

ساڭا تاش ياغسا غەپلەتتىن رەقىبلەر كۆلكىسى ھەقمۇ؟
خۇسۇمەت ئەھلىنىڭ غەرزى سېنى مازغاپتا يۇيدۇرماق.

تارازاڭ تەھسىنات بىرلە قوشۇپ بەرمەكتە تەنبىھنى،
ئىرادەڭ زاھىرەت ئەيىبىن زىرەك باتىنغا تۇيدۇرماق.

ئەجىرنىڭ ۋەزنىنى تاسقاپ كىلەرسەن قايسى ئەگلەكتە؟
نېسىپ بولغايمۇ مەنزۇرغا قەلەمنى قانغا تويدۇرماق؟

# دەۋەتنامە

ماڭا بۇ نەزمىخانىلىقتىن ئىنايەت بارمۇ ھەسرەت بار؟
بەھىردىن، ۋەزنى، قۇرلاردىن كىشىگە قانچە ھىممەت بار؟

خاۋاتىر جىلۋىسى خالىس كۆڭۈلدىن يۇتمىدى كەچلەپ،
قەلەندەر ئىشتىياقىدىن قەلەمگە قانچە سەنئەت بار؟

دەۋەتلەر دەۋرىشۇر باغلاپ جېنىمنى ئەگرى قۇرلارغا،
كامالەت ساھىبىدىمۇ چۈشەنسەڭ كاتتا ئىللەت بار.

جاھاننى ئەتتى مۇستەغرىق نەۋايى نەزمە - مىسراغا،
ئىشق جەۋھىرىدە تىغدەك ئىشەن تاغلارچە قىممەت بار.

مۇھەببەت چاچتى يۇقلۇقا كېچىپ بارلىقىدىن مەشرەپ،
قەدىم قۇرلارنى ئايلانساڭ ئۇزاق ئەتەڭگە ئىبرەت بار،

تىلىڭ ئەينىكىدە زاھىر گۈزەللىك تىلسىمى، قەلبىم،
رىيادىن بولمىساڭ ھوشيار رەزىللىكلەرگە پۇرسەت بار.

راۋاقلار پەيزىگە بىۋاق باھالار تۇتما ئارتۇقچە،
ۋۇجۇدلار تەكتىنى كەزسەڭ تېنىڭغا تەپتى ۋەھدەت بار.

ئاۋازىڭ كەربالا كەزسە غىرىپتەك يۇتما غەم مەنزۇر،
نادامەت پەسلىدىن ئاخىر كىشىگە پەسلى نۇسرەت بار.

(ئاپتور چاپچال ناھىيەلىك سوت مەھكىمىدە)

---

①ھۆسەيىن بايقارا،
②مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان
③«پەرھات - شىرىن» داستانى
④خانىش ئامانىنسا خېنىم
⑤ئابدۇراھمان جامىي
⑥ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئىجادچىسى
⑦نەسىردىن تۇسىنى دېمەكچى
⑧شەمس قەيس رازىنى دېمەكچى

# غەزەللەر ۋە تەخمىسلەر

ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

## غەزەللەر

### 1

ئىشق كۆيدۇرسە گەر جاننى بىلىڭكىم ئۇندا ھېكمەت بار،
كۆيۈك دەۋاسىنى قىلماس ئىشق ئەھلىدە خىسلەت بار.

كۆڭۈلگە يەتسە گەر شادلىق گۈلىستانلىق ئېرەملەردىن،
گەدالىق يولىدىن كەچكەن قەلەندەرلەرگە نەپرەت بار.

ئىشقىنىڭ دەشتىدە مەجنۇن فەنا بولدى سورار بولساڭ،
نەۋايى نەزمە پۈتمىشتە ئەجەب لەيلىدە غەپلەت بار؟

مەيى ھىجراننى ئىچكەن ئىشق ئەھلىگە مەشرەپىنىڭ،
يولىنى تۇتمىقى باردۇر ئەمەل قىلماققا سۈننەت بار.

نىگارنىڭ ئايغىغا باشىن قويالماي يۈرسە گەر ئاشىق،
ئۇنىڭ قەلبىدە ھىممەت يوق ئەگەر بار بولسا ئىللەت بار.

غېرىب كەزگەن باياۋاندا يۈرۈپ پەرھاد كەبى چۆلدە،
قېنى جانانغا جان تەسلىم قىلىشقا كىمدە غەيرەت بار؟

ساڭا ۋەھدەتكە يول نەدە ۋۇجۇدۇڭ كۆيمىسە بەگزات،
ئازاب ھەجرىگە بەرداش بول ۋىسال پەيزىگە رىغبەت بار.

### 2

ۋۇجۇدۇم ئۆرتىنەر دىلبەر سىنىڭ نامىڭنى جار قىلسام،
ئويۇمدا قالمىغاي تاقەت كۆرۈشنى مەن قارار قىلسام.

ۋىسالىڭ ئىزدىبان دەشتتە نىشانىسىز مەن كېزىپ يۈردۈم،

ئۈمىدىم بىر ئۆمۈر ۋەسلىڭ بىلە جانىمنى خار قىلسام.

تەسەللى بەرمە كۆڭلۈمگە رىزا بولساڭ يېتەر شۇ بەس،
پىراقىڭ دەردىدە سازغا قارا ساچىڭنى تار قىلسام.

جامالىڭدىن خىجىل بوپ ئاي قۇياشمۇ پەردىسىن ياپتى،
تامام ئالەمنى جەمشىدكە ۋىسالىڭچۈن قىمار قىلسام.

پەلەككە ئۆرلىدى ئاھىم لېكىن جانانغا يەتكەيمۇ،
تومۇزدا چۈشمىكىم باردۇر ئەگەر جىسمىمنى قار قىلسام.

ھىجرىنىڭ جامىدىن ئىچسەم فەنا بولماق شارابىنى،
كۆرۈپ تۇرساڭ كېتەرىمنى سېنى يانىمدا بار قىلسام.

پەرىۋەشلەر ماكانىدىن كېتەر بەگزات ئېلىپ باشىن،
روھىم كۆككە سەپەر قىلسا گويا جانىمنى سار قىلسام.

3

ئايا دىلبەر گەدالىقتىن تۇرارىمغا ماكان يوقتۇر،
ئىشقىنىڭ تېغىدىن ئۆزگە ئاشارىمغا داۋان يوقتۇر.

باياۋاندا كېزىپ يۈرسەم سېنى كۆرمەك بولۇپ كەلسەم،
ئەجەبكىم كۆرمەيىن كەتسەم ماڭا ھېچ پاسىبان يوقتۇر.

كۆزۈڭدىن چۈشسە گەر ئۈچقۇن دىماغىم بولغۇسى تۇرخۇن،
ساڭا كۆيمەككە مەن ئۇيغۇن قەرارىمدا گۇمان يوقتۇر.

پىغانىم ئۆرلىگەن دەمدە چۈشۈپمەن سەن ئۈچۈن غەمگە،
ساڭا قەست ئەيلىگەنلەرگە مىنىڭدەك پەھلەۋان يوقتۇر.

قېنى بەگزاتقا قۇي ساقىي يېتەر كۆككە ئۈنىڭ ئاھى،
ۋىسال قالدى ئاڭا باقى ئۇنىڭدا ئەمدى جان يوقتۇر.

# تەخمىسلەر

(نەۋايى غەزىلىگە)

تەلئەتىڭ ئەنۋارىدىن شەمسىلنۇرىستاندىن جۇدا
بىر نەزەر سالغان شۇئان بولغاي زىمىستاندىن جۇدا
ئول تابانىڭ چىھرىدىن ۋائىز سۆزى كاندىن جۇدا
نە نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا

چۇشتى دەردلەر باشىمە زارىم فەلەككە ئۆرلەگەي
چۇن سەنەم ئەرزىم بايان ئەيلەشكە ئىمكان بەرمەگەي
چىرمىدى بىر ئوت ۋۇجۇدنى نە قىلاي ھىچ ئۆچمەگەي
ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا

ئەي پەرى زۇلفۇڭ ئارا باغلاشقا سەندە ۋالە كۆپ
ئول قۇياش ياڭلىغ يۈزۈڭنى ياشۇرۇشقا ھالە كۆپ
ۋەھكى بۇ ئىشقىڭ بەتەر قىينار مىنى كەلالە كۆپ
دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس جاندىن جۇدا

كۆز ياشىم بولغاي دېڭىز دىۋانەۋەش چۆككىل قېنى
زۇھرەۋەششى ۋەسلىچۈن بولغاي فىدا مىڭلاپ جېنى
بىر تەرەھھۇم ئىزدەبان كەزدىم فىراقىنىڭ دەشتىنى
ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئېمىش مۇندىن سوڭ ئەي گەردۇن مىنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا قىلغۇنچا جاناندىن جۇدا

دادۇ گۇستار بولۇبان ئەرزىمنى بىر بىر ئاڭلاغىل
نامۇراد ھالىم ئۈچۈن ھۆكمىڭنى بەر قىيناماغىل
ناۋەكىڭنى بەتلابان زۇلفۇڭنى دارغا باغلاغىل
بولسا يۈزمىڭ جانىم ئال ئەي ھەجر لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا ياخۇد مىنى ئاندىن جۇدا

بۇ فىراق قىيناپ مىنى ئاخىر يۈرەكنى تىلدىكىم
شۇل سەۋەب دۈشمەنلەرىم فىتنە فاساتلار قىلدىكىم
گەر ئىشق ئەھلىنى ھەم كىملەر نەزەرگە ئىلدىكىم
ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى ھەمانا بىلدىكىم
قىلغۇدەكتۇر سۇبھە ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا

دىلبەرا سەن بىر خاقان بەگزات قۇلۇڭمەن كارسىز
گويىيا مەن ئۇت خەشەك سەن ئاي سامادا خارسىز
گەر نۇرۇڭ جىلۋە قىلۇر نېچۈن ماڭا دىيدارسىز
بىر ئىگەسىز ئىت بولۇپ ئەردى نەۋايى يارسىز
بولماسۇن يارەبكى ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا

(ھۇسەينى غەزىلىگە)

ئول يۈزۈڭنىڭ جىلۋىسى بەرگەي قۇياشقا نۇر نىشان
ناۋەكى خۇنرېز ئېرۇر مىژگانلەرىڭ قينايدۇ جان
چۈن يېنىڭغا بارغۇمان چىڭ باغلىغاي زۇلفۇڭ شۇئان
ئەي سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان

گەر ۋۇجۇدۇم تەختىگاھ سەن شاھ ئۆزۈڭ تەيىنلەگىل
مەن قۇلۇڭمەن ھەر قاچان ئۆلتۈر قىلىچنى تەڭلەگىل
بۇ ھەياتنىڭ خارلىقى قىلدى يۈرەكنى لەختە گىل
ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنەم ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەگىل
يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان

تۈنۇ كۈن ئىشقىڭ ئوتى بىرلە ئۆزۈمنى تاۋلادىم
جەندە پوشلۇق كيىمى ئېچرە بۇ تېنىمنى خارلادىم
گەر ۋىسالىڭ ئىزدەبان دەشتى باياباننى ئارلادىم
ئەل ئاراسىدا نېچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم
بۇ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلىدى سىررى نىھان

ۋەھ جېنىمنى ئالغۇدەك بىر كۈن كېلىپ ھەجرىڭ غەمى
زەخمىگەرمەن كۆز ياشىم گوياكى تاڭنىڭ شەبنەمى
چۈن ئۈمىدىم ھەر زەمان بولسام ھەياتىڭ مەھرەمى
گەر خەيالىڭ بولسا مېھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەر دەم كۆزلەرىم گەۋھەر نىشان

ساقىيا بەگزات بۈگۈن سەرگەشتەدۇر ھەم خەستە دىل
بادە تۇت ئىچكۈم فىراق جامىدا سۆزدىن قالدى تىل
مەن ساڭا باغلاپ كۆڭۈل يۈردۈم كويۇڭدا قانچە يىل
دىيدىم ئەي جان دەردىمە ۋەسلىڭ بىلە بىر چارە قىل
كۈلۈپ ئايتۇر ئەي ھۇسەينى تۇتما مەندىن بىگۇمان

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# غەزەللەر

## ئىلىيار بارى

1

مۇھەببەت مىسلى ھۇما قۇش ماڭا خۇشخۇي سالام قىلدى،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئاخىر مېنى كۆلكەڭگە رام قىلدى.

شۇدەم گۈلباغقا ئايلاندى يۈرەكنىڭ دەشتى سەھراسى،
ھاياجاندا جىمى جىسمىم كۆزۈمدىن ياش تارام قىلدى.

سەنەمنىڭ ئوت پىراقىدا غېرىپ چۆل تاغ داۋان ئاشتى،
مۇھەببەتلىك ئۇلۇغ ئىخلاس بۈگۈن بىزدە داۋام قىلدى.

ئۆزۈڭگە ئەيلىگەچ زىننەت سەنەم زۆھرە خىتابىنى،
ياراتقان زات مۇھەببەتكە خىيانەتنى ھارام قىلدى.

ياشا يارنىڭ نىگاھىدىن تېپىپ قۇت شاد ـ خۇرام ئىلىيار،
قىيا باققان ۋىسال پەيتى ساڭا بىر رەت ئارام قىلدى.

2

كۆزۈڭنى ياشلىما دىلبەر سېنى ئۇ باغرى قان ئەتتى،
پەلەكمۇ كور ئەقىدەڭگە ئۇنى نا مېھرىبان ئەتتى.

گۈزەل ئىستەكلىرىڭ بەربات يۈرەكىڭ شۇ سەۋەپ داغ ـ دات،
ئەلەملەر نەقەدەر قات ـ قات دىلىڭنى كۆپ پىغان ئەتتى.

سېنىڭ لەۋزىڭ ئەمەل قىلماق ئۇنىڭ ئىشقى ئەلەم قىلماق،
ئەلەملەردە چىرايىڭنى پەلەك سارغۇچ سامان ئەتتى.

سېنىڭ ھىجرىڭ ئۇچۇن تۇپراق يۈزىگە يار ئىكەن يانتاق،
مۇھەببەتتە ئازار قانداق زېمىن بىزگە ئايان ئەتتى.

ئىچىڭدىن پارتىلاپ ئۆكتە سىرىڭنى ئېيتمىغىن كۆپكە،
پەلەك سۆيگۈ مۇھەببەتكە ئازارنى ئىمتىھان ئەتتى.

ئەسىر يىللار داۋامىدا مۇھەببەتنىڭ داۋانىدا،

ياراتقان زات سېنى ئەلىيار گويا سۇلتانۇ خان ئەتتى.

3

گويا مەشئەل ئەقىل كانى بىلىم يۇرتى قەدىردانىم،
ساڭا ھۆرمەت بەجا ئەتتىم مۇھەببەتتە كۆيۈمچانىم.

ساڭا باقسام ھاياجاندا ئۇرار دولقۇن تومۇردا قان،
ھېسابسىز تۆھپىلەر قوشتۇڭ ئىلىمگە جانۇ جانانىم.

نە ھالدا ئېيتقىنا سەنسىز ئەدىپ، ئالىم، سەنەتكارلار،
سېنىڭدىن قىلمىغانمىدى ئىلىم تەھسىل ئەقىل كانىم.

نەۋا ئەيلەيدىكەن مۇڭداش بولۇپ ساڭا غەزەلخانلار،
شۇلارنى سەن كەبى بۇلبۇل يېتىشتۈردىڭ غەزەلخانىم.

سېنىڭدىن بىز بىلىم ئالغاچ نادان سۆھبەت قۇرۇشمايمىز،
ئۆزۈڭ مەشئەل بولۇپ يانساڭ يوقالدى دىلدا ئارمانىم.

ئايا ئەلىيار سېنى ئويلاپ خىيال دەرياسىغا چۆكتى،
يازاي شەنىڭگە كۆي نەزمە ئەقىل ئىدراك بۈيۈك شانىم.

4

كىشى ياۋنى يېڭەر جەڭدە ئەگەر كۆچلۈك بىلەك بولسا،
بىلەك بىرلە پاراسەت پەم ئاڭا ھەمدەم يۆلەك بولسا.

بورانلار قۇترىسا ياكى ياغار بولسا پەلەكتىن تاش،
ئاڭا ئەرزىمدۇ تەشۋىش غەم ئىشەنچ غەيرەت تىرەك بولسا.

رىقابەتلىك زاماندۇر بۇ قەدەمدە ھەر سىناق توسقۇن،
ئاشۇ توسقۇندا مات بولغاي بۆلەك ئىشقا ھەلەك بولسا.

بىلىنى يەشمىگەن پالۋان سىناقلاردىن ئامان ئۆتتى،
زامانغا تەڭ سالار ئاتنى جاسارەتلىك زېرەك بولسا.

ئاۋام قەلبىدە بوي تارتسۇن، ئاۋام قەلبىدە پەر قاقسۇن،
جېنىم ئەلگە پىدا بولسۇن دېگەن ئالىي تىلەك بولسا.

جىمى ئەلگە ئىكەن لازىم زىرەك يولباشچى سارۋانلار،
جامائەت ئاپىرىن دەيدۇ كەبى دانىكو يۈرەك بولسا.

بۈگۈن ئىليار يېزىپ نەزمە تۇتار خەلقىگە ھۆرمەتتە،
جېنى ئەلگە تەسەددۇقتۇر ئەگەر لازىم كېرەك بولسا.

5

تۆكۈپ ئوغلانلىرىڭ قان ـ تەر، ساڭا قىلدى ئەجىر ـ مېھنەت،
ئانا تۇپراق ئەزىز ئاتۇش سېنى گۈللەش ئىدى مەقسەت.

ئۈمىد قويمايدىكەن داغدا كۆرۈپ يۇرتۇم سېنى باغدا،
قەلەم ئالدىم ھاياجاندا قىلارسەنمۇ ماڭا رۇخسەت.

ئەجىر ـ مېھنەت گۇۋاھى بۇ تولۇپسەن گۈل ـ چېچەكلەرگە،
باھارنىڭ سازىنى تاڭدا چېلىشقا تاللىدىم پۇرسەت.

جىمى سىرلار بۆشۈكىدۇر ئېنىق پاكىت كۆيەك تاغلار،
ئاشۇ تاشلىق ئىچىدە جان يېشىل كىمخاپ كىيەر نىممەت.

ئانا يۇرت كۆلكىسى بەزمە، يېزىپ ئىليار ئاڭا نەزمە،
شۇ نەزمىدىن تاپۇر خەلقىم ئۆزىگە زەررىچە ھىكمەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2010 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف




ئەھمەد زىيائىي (1913-1989) 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان داڭلىق شائىر. ئۇ 76 يىللىق ھاياتىدا خەلقىمىزگە نۇرغۇن ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەھمەد زىيائىي بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىچىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ياخشى پايدىلانغان شائىر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ كىلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش باسقۇچىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقىمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئەھمەد زىيائىي توغرىسىدا تەتقىقاتلار مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن ھەبىبۇللا ئابدۇسالام يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئەھمەد زىيائىي» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا، زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى شېئىرلىرى) نەزەرىيەۋى خۇسۇسىيەتلىرى، يەنى ۋەزن، قاپىيە، بەدىئىي سەنئەتلەر قاتارلىقلار مەخسۇس تەتقىق قىلىنمىدى. شۇڭا بىز بۇ قىسقىغىنە ماقالىمىزدا، ئەھمەد زىيائىي لىرىكىلىرىدا (داستانلىرى كېيىنگە قالدۇرۇلدى) قوللىنىلغان ئارۇز بەھرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزن تۈرلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىلىدۇق، شۇنداقلا زىيائىينىڭ ئارۇز ماھارىتىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇز بىلەن بولغان پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتۇق.

### 1. ئەھمەد زىيائىي لىرىكىلىرىنىڭ ۋەزنى توغرىسىدا

ئەھمەد زىيائىينىڭ لىرىكىلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» دېگەن نامدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا جەمئىي 95 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن 70 پارچىسى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ھەم ئۇلار غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، تەرجىبەند، مۇخەممەس ۋە قەسىدە قاتارلىق يەتتە خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان. بۇ شېئىرلاردا

ئارۇزنىڭ تۆت بەھرىنىڭ يەتتە خىل ۋەزن تۈرى قوللىنىلغان (رۇبائىي ۋەزنى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمەي، ئايرىم بېرىلدى). ئۇلارنىڭ كونكرېت ئايرىلىشى تۆۋەندىكىچە (ۋەزنلەرگە تەۋە شېئىرلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن تىزىلدى، ۋەزنىنىڭ ئاستىغا شۇ ۋەزنگە تەۋە شېئىرلارنىڭ ماۋزۇلىرى بېرىلدى. قىتئەلەرگە ماۋزۇ قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى مىسراسىنىڭ باشلانما سۆزى ئېلىندى):

1) ھەزەج بەھرى

بىرىنچى، بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

V— — — / V— — — / V— — — / V— — —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

بۇ ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ماۋزۇسى ۋە قىتئەلەرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ باشلانما سۆزلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

«نەي ساداسى»، «كىشىلىك كۆلسە خۇشلۇق بىرلە كۆل»، «قېنى تاڭنىڭ نەسىمى»، «تىلەك»، «جاھان گۈلزارىدا»، «جاھان لەنگەر»، «باغرىمغا سالدى كىرپىكلىرىنىڭ داغ»، «كۈرەشچان بولمىغۇنچە»، «ئوخشارمۇ»، «كۆڭلۈمگە خىتاب»، «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى»، «بۇلبۇلغا خىتاب»، «سىلىپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە»، «قىز كۆڭلىنى باستى غەم»، «چىن مۇھەببەت بولسىلا»، «سۆيۈن كۆڭلۈم»، «كۆكۈل گەر رەنجىسە»، «كەتمىگەي ھەرگىز سېنىڭ يادىڭ»، «ھايات جەڭ»، «ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ»، «سايرا»، «نىچۈك خۇش بولمىسۇن»، «ئەجەب بىر سىركى»، «ئېرۇر دوست بەكمۇ»، «بىلىملىك ئەر بولاي دېسەڭ»، «ئىلىم بىر نۇر».

ئىككىنچى، بەھرى ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف

V— — — / V— — — / V— —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇلۇن

«نە خۇشتۇر»، «كېيىننى ئويلىماي».

2) رەمەل بەھرى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

— V— — / — V— — / — V— — / — V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

«ئاختۇرۇپ يۇردۇم مەھبۇبنى»، «ھەيرەت ئىچىدە»، «كونا يولداش بىرلە»، «خوپ»، «تەربىيەت»، «اخشىلىقنى يار تۇت»، «ئىچكىنىڭ كىمنىڭ قېنى»، «يۈزلىرىڭ گۈلمۇ ياكى»، «گۈلنار قىز»، «گۈل تولا گۈللۈكتە ئەمما»، «بولاي دېسەڭ غەمدىن خالاس»، «ئۆمۈر كەتمەكتە ئېقىن سۇدەك»، «كۆكۈل»، «بىلمىدىم»، «بولماس يىلاننى قويۇنغا سىلىپ»، «ئارزۇ»، «ھەر كۆكۈلكىم»، «دەھرە باغى»، «ئەي يىگىت»، «زۇلۇم چەككەنلەر»، «چۆل بولۇر»، «ھەر نەپەس»، «مەلۇم ئولماس».

3) مۇتەقارىب بەھرى

بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەھزۇف

V— / — —V / — —V / — —V

فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئەل

«ۋەتەن-تەن ئىررۇر ئىتتىپاقلىق جىنى»، «دىيدىم دېدى».

4) مۇجتەس بەھرى

بىرىنچى، بەھرى مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف

V—V — / VV — — / V— V— / VV — .

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن

«يار كېلۇر»، «كىشى تۇغۇلدى».

ئىككىنچى، بەھرى مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى ئەسلەم

V—V — / VV — — / V— V— / — —

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئلۇن

«كۆكۈل ئالماق ھەممىدىن ئەۋزەل».

ئۈچىنچى، بەھرى مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى سالىمى مەخبۇنى مەھزۇف

V—V — / VV — — / — — V— / VV —

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مۇستەفئىلۇن فەئىلۇن

«جاھانغا باق چوڭقۇر نەزەردە».

ئەمدى توپلامدىكى «رۇبائىيلار» دەپ بېرىلگەن 23 پارچە تۆتلىككە كەلسەك، بۇلاردىن پەقەت ئالتىسىلا رۇبائىي ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، قالغانلىرى ئاددىي تۆتلۈك بولۇپ قالغان. ئەھمەد زىيائىي رۇبائىيلىرىدا ئەخرەب تارمىقىنىڭ ئالتە خىل ۋەزن تۈرى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كونكرېت ئايرىلىشى تۆۋەندىكىچە(رۇبائىينىڭ ھەر مىسراسىنى ئۆزگە ۋەزندە يېزىش مۇمكىن، زىيائىي رۇبائىيلىرى ھەم شۇنداق يېزىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋەزنىنى كۆرسەتكەندە ھەر بىر مىسرا ئايرىم بىرلىك قىلىندى. ئەگەر ئىككى ياكى ئۈچ مىسرا ئوخشاش ۋەزندە يېزىلغان بولسا، بۇلار بىر بىرلىك قىلىندى):

1) كەل، كەل، ماڭا تۇت مەينى قەدەھتىن ساقى

مەيدىنكى ئۇنىڭ نەشئەسى بولسۇن باقى

— —V / V— —V / V— — — / —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

بىر جام مەينىڭ خۇماردۇرمەن، چۈنكى

— —V / V—V — / V— — — / —

مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

سۆيگۈ ئېلىگە ئەگرۈ پەلەكنىڭ تاقى
— / — — —V / V— —V / V— —
مەفئولۇ ، مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

2) مەي تۇت ماڭا ساقى، ئېرۇر گۇل چاغى
— / — — — / — — —V / V— —
مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇن فەئ
ئاتماقتا چېچەك مېهرۇ مۇھەببەت باغى
ئۇمىدكى سېنىڭ جام شارابىڭ بىرلە
كەتسە بۇ كۆڭۈل ئەيىنكىدىن غەم داغى
— / — — —V / V— —V / V— —
مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

3) مەقسەت مەيدىن سۇنسا قەدەھنى ساقى
خۇش كەيپى ئۇنىڭ قالغۇسى مەڭگۇ باقى
كۆڭلۈڭدە ئەگەر قەسد، مۇقەددەس بولسا
— / — — —V / V— —V / V— —
مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ
بولمايدۇ بۇزۇق بۇزۇلسمۇ كۆكتاقى
— / — — —V / — V—V / V— —
مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

4) بىر گەۋھەر ئېرۇر باھاسى يوق بۇ ئىجاد
ئىجادچىنى زامان قىلۇر مەڭگۇ ياد
~ / — — —V / — V—V / V— —
مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فائ
ئىجادى ئېرۇر مەڭگۇ، ئەمەس مەڭگۇ كىشى
—V / V — —V / V— —V / V— —
مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئەل
ئىجادىڭ ئىلە تونۇر سېنى، بىل، ئەۋلاد
~ / — — —V / — V—V / V— —
مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فائ

5) مەردلەر ئىشىدۇر رەقىبىنى خار ئەتمەك
مەردانە كۈرەش بىلەن نىشانغا يەتمەك
— / — — —V / — V—V / V— —
مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ
باغرىغا سېلىپ دۈشمەنىنىڭ ئۆچمەس داغ

~ / — — — / — — —V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇن فائ

بۇركۇتسمان ئۇۋنى ئېلىپلا كەتمەك

— / — — — / — — —V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇن فەئ

6) ئۇمىد ئېرۇر هاياتتا ئىستەك گويا

بولغايمۇ هايات يوقالسا ئۇمىد ئايا

— / — — —V / — V—V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

ئۇمىدكە ئەگەر بولمىسا ئىنسان مەغرۇر

~ / — — —V / V— —V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فائ

پۈتكۈللا خاراب بولۇپ كېتەتتى دۇنيا

— / — — —V / — V—V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

2. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئارۇز ماھارىتى

1) ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە مۇجتەس بەھرى

تۈركىي تىللىق ئارۇزدا مۇجتەس بەھرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىنى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ياراتقان. نەۋايى ئىجادىيىتىدە مۇجتەس بەھرى سالىم شەكلىدە ئەمەس، بەلكى زىهافلىق شەكلىدە يەنى مۇجتەس بەھرىنىڭ مۇسەممەنى مەخبۇن، مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف، مۇسەممەنى مەخبۇنى مەقسۇر، مۇسەممەنى مەخبۇنى ئەسلەم ۋە مۇسەممەنى ئەسلەمى مۇسەببەغ ۋەزنلىرىدە ئۇچرايدۇ. نەۋايىنىڭ مۇجتەس بەھرىدە يازغان شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، سۈپەت جەھەتتىمۇ مۇجتەس بەھرىنىڭ پۈتۈن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىدۇر. لېكىن بۇ بەھرنىڭ ۋەزنلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە نىسبەتەن كەمرەك قوللىنىلغان.

ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە مۇجتەس بەھرىدە يېزىلغان تۆت پارچە شېئىر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈچى غەزەل شەكلىدە، بىرى قىتئە شەكلىدە يېزىلغان. ئېيتىش كېرەككى، ئەھمەد زىيائىي مۇجتەس بەھرىدە پەقەت بىر پارچە قىتئەنىلا سەكتەسىز يازغان، قالغان ئۈچ غەزەلنى ئانچە ياخشى يازالمىغان. بۇ ئۈچ غەزەل ئومۇمىي جەھەتتىن مۇجتەس بەھرىدە يېزىش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ، لېكىن ھەر غەزەلنىڭ بىر قانچە يېرىدە ۋەزنگە ئەمەل قىلالمىغان، يەنى سۆزلەرنى زورلاپ بىر يېرىم بوغۇم تەلەپپۇز قىلىش، ۋەزندىكى قىسقا بوغۇملارغا شېئىر مىسرالىرىدىكى بوغۇملار ماس كەلمەسلىكتەك خىلمۇ خىل ئەھۋاللاردىن مۇستەسنا بولالمىغان.

ئەمدى ئەھمەد زىيائىينىڭ مۇجتەس بەھرىدە يېزىلغان قىتئەسىگە كەلسەك، بۇ

مۇجتەس بەھرىنىڭ ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى ياخشى ئۈلگىلىرىدىن بولالايدۇ. قېنى بۇ قىتئەگە بىرلىكتە قاراپ باقايلى:

كىشى تۇغۇلدى كىشىدىن، كىشى بىلەن كىشىدۇر،
كىشى بىلەن نېمە كارىم دېيىش سارالىڭ ئىشىدۇر.
نېچۇن كىشى كىشىگە ئۆچ بولۇپ سۇرەر تۇرمۇش،
ھەقىقەتەن كىشى بىلسەڭ كىشى قېرىندىشىدۇر.

V—V / — VV — — / V— V— / V— / VV —

مەفائىلۇن     فەئىلاتۇن     مەفائىلۇن     فەئىلۇن

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقى قىتئەنىڭ ھېچ يېرىدە سەكتە يوق. ئەھمەد زىيائىينىڭ مۇجتەس بەھرىدە يازغان شېئىرلىرىدا سەبەبى خەفىف(يەنى بىر ئۇزۇن بوغۇم) بىلەن سەبەبى سەقىل(يەنى ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن ئىككى قىسقا بوغۇم)نى تەكلەشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن يۇقىرىقى قىتئەسىنىڭ ئۈچىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرقى رۇكنىغا كەلگەن «تۇرمۇش» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى دەل شۇنداق ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ماھارەتنىڭ ئۈلگىسىنى ھەزرىتى نەۋايى «مىزانۇل ئەۋزان»دا:

كەلكى ھەجرىڭدە ھەزىنىمەن بىھەد
نە ماڭا سەبر نە ھۇشۇ نە خىرەد[①]

V— — — / — — VV — — / VV—

فائىلاتۇن     فەئىلاتۇن     فەئىلۇن

دېگەن بېيىت ئارقىلىق كۆرسەتكەن. ئەمدى بۇ بېيىتنىڭ ئاخىرقى رۇكنىدىكى سۆزلەرگە قارىساق، «نە خىرەد» ۋەزنگە نەقلا چۈشىدۇ، لېكىن «بىھەد»[②] سۆزىگە كەلگەندە ماھارەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى بۇنداق ۋاقىتتا بىر ئۇزۇن بوغۇمغا ئىككى قىسقا بوغۇمنى تەكلەشتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن نەۋايى مۇجتەس بەھرىدە يازغان:

چۇ مەست ئېدىم ماڭا تەئسىر قىلمادى گەرچە
مەلۇل بولدىلار ئەتمەكدىن ئىھتىساب ماڭا[③]

V—V / — VV — — / V— V— / V— / VV —

مەفائىلۇن     فەئىلاتۇن     مەفائىلۇن     فەئىلۇن

بېيىتىدا دەل شۇنداق ماھارەتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. لېكىن نەۋايى ئارۇزىدىن مەلۇمكى، بۇ خىل ئۇسۇل پەقەت رەمەل، مۇجتەس ۋە خەفىق بەھرلىرىنىڭ مەخبۇنى مەھزۇۋ ۋە مەخبۇنى مەقسۇر ۋەزنلىرىنىڭ ئاخىرقى رۇكن(ئارۇز ۋە زەرب)لىرىدىلا ئىشلىتىلگەن. ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال پەقەت مۇجتەس بەھرىدىلا ئۇچرايدۇ، خالاس.

2) ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىدا تۈركىي سۆزلەرنىڭ تەقتىئى

يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تاكى تەجەللى ھەزرەتلىرىگىچە بولغان تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزدا تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئارۇزدىكى تەقتىئىدە ئاساسىي جەھەتتىن كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان. پەقەت 14-ئەسىردىن كېيىن، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋايى ھەم بابۇر ئىجادىيەتلىرىدە تۈركىي سۆزلەرنىڭ يېپىق بوغۇملىرىنى بەزىدە بىر يېرىم بوغۇم ھېسابىغا ئالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. بۇ ئەسلى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىنىڭ خاس ئىجادىيىتى بولۇپ⑤، نەۋايى ھەم بابۇر كەبى تۈركىي تىللىق بۈيۈك ئارۇزچىلارمۇ بۇنى قوبۇل قىلغان. پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى پارس تىلىدىكى تەركىبىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش(ھەرفى ئىللە) بار بولغان يېپىق بوغۇملارنى بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ ئالىدىغان. شۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىللىق كىلاسسىكلار پارسچە سۆزلەرگە ئىملا جەھەتتىن ئوخشاش تۈركىي سۆزلەرنىمۇ بەزىدە شۇ قائىدە بويىچە ئۆلچىگەن. ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە ھەم بۇنداق ئەھۋاللار خېلىلا ئۇچرايدۇ. تۈركىي سۆزلەرنى بۇنداق ئىشلىتىش ئەمەلىيەتتە تەقلىدتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن نەۋايى:

مىڭ قاتلا شۇكرىن دېسەم ئاز ئېرۇر

— ∨ / ∨— — / — — — / — — —

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئەل⑤

دېگەن مىسالىدا «ئاز» سۆزىنى بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ ئالىدىغان. ئەھمەد زىيائىيمۇ:

زۇلۇم شامىلى تىكەنلىك ئەيلىگەن گۈلشەن،
مۇراد گۈلى بىلە ياشناپ لالەزار كېلۇر.⑥

— ∨∨ / —∨ —∨ / — — ∨∨ / — ∨—∨

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن

دېگەن بېيىتتا «ياشناپ» سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ ئالىدىغان. لېكىن بۇنداق ئەھۋال مەيلى تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزدا بولسۇن ياكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئارۇزىدا بولسۇن پەقەت ۋە پەقەت قىسمەنلىكلا خالاس.

تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزدا تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئوچۇق بوغۇملىرى گاھ ئۇزۇن، گاھ قىسقا ھالەتتە كەلگەن. مەسىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

بودۇن تىلى ياۋلاق سېنى سۆزلەگەي
كىشى قىلقى كىرتۇ ئەتىگنى يېگەي⑦

— ∨ / — —∨ / — — ∨ / — —∨

فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئەل

بېيىتىدا ئوچۇق بوغۇملارنى شارائىتقا قاراپ، قىسقا ياكى ئۇزۇن قىلىپ ئىشلەتكەن. نەۋايىمۇ:

ئانا ئورنىن ئاتا تۇتماس ئوغۇلغا

كى مۇمكىندۇر ئوغۇل بولماق ئاتاسىز
مەسىھا بىرلە مەريەمدىن قىياس ئەت
كى ئىمكان يوقتۇرۇر بولماق ئاناسىز[8]

— —V / — — — V / — — —V

مەفائىيلۇن      مەفائىيلۇن      فەئولۇن

قىتئەسىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاشلا ئوچۇق بوغۇملارنى ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇزۇن ياكى قىسقا قىلىپ ئالغان. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن بۇنىڭغا:

كىشى تۇغۇلدى كىشىدىن، كىشى بىلەن كىشىدۇر،
كىشى بىلەن نېمە كارىم دېيىش سارالڭ ئىشىدۇر.
نېچۈن كىشى كىشىگە ئۆچ بولۇپ سۇرەر تۇرمۇش،
ھەقىقەتەن كىشى بىلسەڭ كىشى قېرىندىشىدۇر[9].

— VV / —V —V / — — VV / — V—V

مەفائىلۇن      فەئىلاتۇن      مەفائىلۇن      فەئىلۇن

قىتئەسىنىلا مىسال قىلىش كۇپايە. ئەمدى يېپىق بوغۇمغا كەلسەك، بۇ تۈركىي تىللىق ئارۇزدا ئەزەلدىن ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن نەۋايىنىڭ:

ساڭا كۆڭلۈمدەكى ھاجەتنى نې ھاجەتكى ئەرز ئەتسەم
ئۇلۇس كۆڭلىدە پىنھانلار ئېرۇر چۇنكىم ساڭا پەيدا[10]

— — — V / — — —V / — — —V / — ——V

مەفائىيلۇن      مەفائىيلۇن      مەفائىيلۇن      مەفائىيلۇن

دېگەن بېيىتىدىن بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ ھەزەج، رەمەل ۋە مۇتەقارىب بەھرلىرىدە يازغان شېئىرلىرىدا بۇنىڭغا ئەمەل قىلالىغان، لېكىن مۇجتەس بەھرىدىكى شېئىرلىرىدا بەزىدە بۇ قائىدىنى بۇزۇپ قويغان. مەسىلەن:

كۆڭۈل ۋۇجۇد ئارا گەرچە كىچىك ئېرۇر پارچە
كېرەك ئۇنى ھەممە چوڭلاردىن چوڭ دېبان تۇتماق[11]

— — / —V —V / — — VV / — V—V

مەفائىلۇن      فەئىلاتۇن      مەفائىلۇن      فەئىلۇن

دېگەن بېيىتنىڭ ئىككى يېرىدە سەكتە كۆرۈلىدۇ، يەنى ئىككىنچى مىسرادىكى «ھەممە» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى بىلەن «چوڭلاردىن» سۆزىنىڭ ئۈچىنچى بوغۇمى ۋەزنىنى بۇزغان. ئەسلى بۇنداق بوغۇملار ئۇزۇن بوغۇم ئورنىدا كېلىشى كېرەك ئىدى.

3) ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىدا ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەقتىئى

مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەقتىئى تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇز بىلەن ئۇيغۇر بوگۇنكى دەۋر ئارۇزىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر. تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئامال بار پارس-تاجىك ئارۇزىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇزۇن-قىسقا بوغۇملارغا ئايرىلغان. بۇ خىل ئەھۋال يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى تۈركىي تىللىق كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ ھادىسە 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسەن كۆرۈلمىگەن.

ئېيتىش كېرەككى، ئەھمەد زىيائىي بۇ ئىككى دەۋر ئارۇزىنىڭمۇ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، يەنى ئۇ تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇز بىلەن ئۇيغۇر بوگۇنكى دەۋر ئارۇزىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ جەھەتتە ئۇ زاماندا شلىرى نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزدا، تەركىبىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغان يېپىق بوغۇملار بىلەن قىسقا سوزۇق(ھەرىكە) تاۋۇشنىڭ كەينىدىن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش(ھەرپ) كەلگەن بوغۇملار بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ ئايرىلغان. مەسىلەن نەۋايىنىڭ:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئسى ئەنۋارۇلھۇدا
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا⑫
—V — — / — V — — / — V — — / — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

دېگەن مەتلەئىدە «يار»، «جام» سۆزلىرى بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ ئايرىلغان. 17-18-ئەسىرلەردە ئۆتكەن مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ:

خانەقاھى فەقر سەندىن بارھا مەئمۇردۇر
ئەي شەھى كەۋنەيىن مەمنۇن ئەيلەگىل كەلمىش گەدا⑬
—V — — / — V — — / — V — — / — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

دېگەن بېيىتىدا «فەقر»، «بارھا»(بىرىنچى بوغۇمى)، «مەئمۇر»(ئىككىنچى بوغۇمى) ۋە «كەۋنەيىن»(ئىككىنچى بوغۇمى) سۆزلىرىنى بىر يېرىم بوغۇم ھېسابلىغان بولسا، 19-ئەسىردىكى مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى:

بۇ جەھان ئەھلىنى ئەيكىم نەفسىگە مۇنقاد بىل
شىددەتى دۇنيا ئۇمۇرىدا ئانى شەدداد بىل
—V — — / — V — — / — V — — / — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بېيىتتا «مۇنقاد» ۋە «شەدداد» سۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىنى بىر يېرىم بوغۇم قىلغان. بىز يەنىمۇ يېقىنلاپ قارىساق، 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغىچە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن كىلاسسىكلاردىن ئابدۇلقادىر بېگىسارى ناقىسنىڭ:

بارمۇ ئىمكان كەئبەدىن مەيخانەغە قويماق قەدەم
بۇ سىفەت مەۋج ئۇرسا ئول يۈزنىڭ سەفاسى ئابدا®

— V — / — — V — / — — V — / — — V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بېيىتتا «ئاب» سۆزىنى بىر يېرىم بوغۇم ھېسابلىغىنى كۆرىمىز. يۇقىرىقىلاردىن تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزنىڭ پارس-تاجىك ئارۇزى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمدى بىز 20-ئەسىردىكى داڭلىق شائىر نىمشېھىتنىڭ 1936-يىلى يازغان «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق مەشھۇر غەزىلىگە قاراپ باقايلى.

جەھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار يوق
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق®

V— — — / V— — — / V— — — / V— — —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بۇ بېيىتلاردا ئىشلىتىلگەن «يار» ۋە «خار» سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسى بىر يېرىم بوغۇم بولمىغان، ھەتتا پۈتۈن غەزەلدە ئىشلىتىلگەن، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ئۇزۇن بوغۇم سانالغان! ئەمدى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 1969-يېزىلغان:

كۆپەيدى دۈشمىنىم دەپ ھەرگىز كۆڭۈلنى غۇبار قىلما
مېنىڭ ھېچ دۈشمىنىم يوق دەپمۇ ھەرگىز ئىپتىخار قىلما®

V— — — / V— — — / V— — — / V— — —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

مەتلەئىگە كەلسەك، «غۇبار»(ئىككىنچى بوغۇمى) ۋە «ئىپتىخار»(ئۈچىنچى بوغۇمى) سۆزلىرىنىڭ بىر يېرىم بوغۇم بولماي، بەلكى بىر ئۇزۇن بوغۇم بولغانلىقىنى كۆرىمىز(ئەپسۇس بىرىنچى مىسرادا ۋەزن بۇزۇلغان). شائىر بۇ ئۇسۇلنى ھەتتا نەۋايى غەزىلىگە يازغان مۇخەممەسىدىمۇ قوللانغان. مەسىلەن:

يەنە كۆيدۈرگەي پىراق مەنمۇ كۆيەي ھېچ ئۆچمەيىن
ھەر ساباھ ئۇمىد بىلەن ئۆزگە خىيالغا كۆچمەيىن[17]

— V — / — — V — / — — V — / — — V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بېيىتىدا «پىراق» ، «ئۇمىد» ۋە «خىيال» سۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىنىڭ ھەممىسى بىر ئۇزۇن بوغۇملا سانالغان. بۇلاردىن مەلۇمكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئارۇزىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان ھەم بۇ ئارقىلىق پارس ـ تاجىك ئارۇزىنىڭ تەسىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە قۇتۇلۇپ، ئۆزگە خاس يول تۇتقان.

ئەمدى بىز ئەھمەد زىيائىينىڭ تەقتىئ ماھارىتىگە قارايلى. ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىنىڭ تەقتىئ جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر گاھ تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزنىڭ، گاھ ئۇيغۇر بوۋاقۇنى دەۋر ئارۇزىنىڭ تەقتىئى بويىچە ئايرىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئەھمەد زىيائىينىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە نەقەدەر كۈچلۈك ئۇچرىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەسىلەن:

يار ئەكسى جامۇ مەيدە قىلمىدى يالغۇز زۇھۇر
بارچە بارلىق يار ئەكسى سارى قىلدى ئىقتىدا[18]

— V — / — — V — / — — V — / — — V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

ۋە:

سەيرى گۈل ئەيلەپ چىمەندە ھەر سەھەر گۈلنار قىز
ئالدى كۆڭلۈم جىلۋە بىرلە دىلبەرۇ دىلدار قىز[19]

— V — / — — V — / — — V — / — — V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بېيىتلىرىدا ئەھمەد زىيائىي بارلىق ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزنىڭ تەقتىئى بويىچە ئايرىغان بولسا، مۇنۇ:

تۈزەت ئەخلاقنى يولداش پەس خۇلۇقنى ئۆزگە يار قىلما
مۇھەببەتلىك كىشى بول بىۋاپالىقنى شۇئار قىلما[20]

— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

دېگەن بېيىتىدا «يار»، «شۇئار»(ئىككىنچى بوغۇمى) سۆزلىرىنى بىر ئۇزۇن بوغۇملا ھېسابلىغان. يەنە تۆۋەندىكى:

ئېسىپ تاك سەھەر ئىچرە بادى خازان
قۇرۇتتى چىمەندىن گۈلى گۈلىستان【24】
—V / — — V / — — V / — — V
فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئەل

بېيىتىدىكى «گۈلىستان» سۆزى بولدى. ئەگەر بۇ سۆزنى مۇشۇ ئىملا بىلەن ئوقۇساق ۋەزنگە چۈشمەيدۇ. شۇڭا كىلاسسىكلىرىمىز پارس تىلىدىن كىرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرىككەن سۆزلەرنى تەغيىر ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە «گۈلىستان»، «شەبىستان» ئوقۇسا، بەزىدە «گۈلستان»، «شەبستان». شەكلىدە ئوقۇغان. مەسىلەن نەۋايىنىڭ:

كۆڭلۈم ئىچرە گۈلستانى ھۇسنىدۇر ئەي باغبان
كەلكى ئاھىم فەرقى يوقتۇر نەفھەيى گۈلبىزدىن【25】
— V — / — — V — / — — V — / — — V—
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بېيىتىدا دەل مانا شۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن. لېكىن ئەھمەد زىيائىي يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزنى توغرا ئىشلىتەلمىگەن، بەلكى بۇنىڭدا باشقىلارنىڭمۇ سەۋەنلىكلىرى باردۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەھمەد زىيائىي ئۆز لىرىكىلىرىدا ئارۇزنىڭ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزدە بىر قەدەر ئاز ئىشلىتىلگەن بەزى ۋەزنلىرىنىمۇ قوللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئارۇزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

---

ئىزاھلار

① نەۋايى: «مىزانۇلئەۋزان»، بەلخ 1953 ـ يىل نەشرى 49 ـ بەت.

② بۇ يەردىكى «خىرەد» سۆزى بىلەن «بىھەد» سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئى» تاۋۇشلىرى بىر بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى بىرىنچىسى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچىسى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر.

③ ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل كىبەر»، تاشكەنت 1990 ـ يىل نەشرى 16 ـ بەت.

④ قاراڭ: زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، ئۈرۈمچى 2011 ـ يىل نەشرى.

⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ئەۋزان»، بەلخ 1953 ـ يىل نەشرى 37 ـ بەت.

⑥ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 24 ـ بەت.

⑦ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست، بېيجىڭ 1984 ـ يىل نەشرى 80 ـ بەت؛ فەرغانە نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى 26 ـ بەت.

⑧ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ۋەسەت»، تاشكەنت 1990 ـ يىل نەشرى 490 ـ بەت.

⑨ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 69 ـ بەت.

⑩ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش شەباب»، تاشكەنت 1989 ـ يىل نەشرى 9 ـ بەت.

⑪ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 35 ـ بەت.

⑫ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس سىغەر»، تاشكەنت 1988 ـ يىل نەشرى 25 ـ بەت.

⑬ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، بېيجىڭ 1985 ـ يىل نەشرى 7 ـ بەت.

⑭موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى 1 ـ بەت.

⑮ كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3 ـ قىسىم، بېيجىڭ 2006 ـ يىل نەشرى 386 ـ بەت.

⑯ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى 54 ـ بەت.

⑰ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى 56 ـ بەت.
⑱ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 15 ـ بەت.
⑲ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 28 ـ بەت.
⑳ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 14 ـ بەت.
【21】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 22 ـ بەت.
【22】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 22 ـ بەت.
【23】 ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش شەباب»، تاشكەنت 1989 ـ يىل نەشرى 531 ـ بەت.
【24】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 55 ـ بەت.
【25】 ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل كىبەر»، تاشكەنت 1990 ـ يىل نەشرى 318 ـ بەت.

پايدىلانمىلار:


1. ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى.
2. ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ئەۋزان»، بەلخ 1953 ـ يىل نەشرى.
3. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت 1971 ـ يىل نەشرى.
4. زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، ئۈرۈمچى 2011 ـ يىل نەشرى.
5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست ۋە نەزمىي يەشمە)، بېيجىڭ 1984 ـ يىل نەشرى.
6. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(فەرغانە نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى)، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى.
7. ئەلىشىر نەۋايى: «خەزايىنۇل مەئانى»، تاشكەنت 1988~ 1990 ـ يىللار نەشرى.
8. ئەلىشىر نەۋايى: «خەزايىنۇل مەئانى»، ئەنقەرە 1996 ~ 2006 ـ يىللار نەشرى.
9. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، بېيجىڭ 1985 ـ يىل نەشرى.
10. خوجا جەھان ئەرشى: «دىۋانى ئەرشى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
11. ئابدۇرەھىم نىزارى: «نىزارى لىرىكىلىرى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
12. ئىبراھىم مەشھۇرى: «دىۋانى مەشھۇرى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
13. موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
14. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

ئىسسىپ تاڭ سەھەر ئىچرە بادى خازان
قۇرۇتتى چىمەندىن گۈلى گۈلىستان【24】
—V / —V / —V / — V — /—
فەئولۇن   فەئولۇن   فەئولۇن   فەئەل

بېيىتىدىكى «گۈلىستان» سۆزى بولدى. ئەگەر بۇ سۆزنى مۇشۇ ئىملا بىلەن ئوقۇساق ۋەزنگە چۈشمەيدۇ. شۇڭا كىلاسسىكلىرىمىز پارس تىلىدىن كىرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرىككەن سۆزلەرنى تەغىير ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە «گۈلىستان»، «شەبىستان» ئوقۇسا، بەزىدە «گۈلستان»، «شەبستان» شەكلىدە ئوقۇغان. مەسىلەن نەۋايىنىڭ:

كۆڭلۈم ئىچرە گۈلستانى ھۇسنىدۇر ئەي باغبان
كەلكى ئاھىم فەرقى يوقتۇر نەفھەيى گۈلبىزدىن【25】
—V — — / — V — — / — V — — / — V —
فائىلاتۈن   فائىلاتۈن   فائىلاتۈن   فائىلۇن

بېيىتىدا دەل مانا شۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن. لېكىن ئەھمەد زىيائىي يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزنى توغرا ئىشلىتەلمىگەن، بەلكى بۇنىڭدا باشقىلارنىڭمۇ سەۋەنلىكلىرى باردۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەھمەد زىيائىي ئۆز لىرىكىلىرىدا ئارۇزنىڭ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزدە بىر قەدەر ئاز ئىشلىتىلگەن بەزى ۋەزنلىرىنىمۇ قوللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئارۇزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

---

ئىزاھلار

① نەۋايى: «مىزانۇلئەۋزان»، بەلخ 1953-يىل نەشرى 49-بەت.

② بۇ يەردىكى «خىرەد» سۆزى بىلەن «بىھەد» سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئى» تاۋۇشلىرى بىر بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى بىرىنچىسى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچىسى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر.

③ ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل كىبەر»، تاشكەنت 1990-يىل نەشرى 16-بەت.

④ قاراڭ: زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، ئۈرۈمچى 2011-يىل نەشرى.

⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ئەۋزان»، بەلخ 1953-يىل نەشرى 37-بەت.

⑥ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987-يىل نەشرى 24-بەت.

⑦ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» تىرانسكرىپسىيەلىك تېكىست، بېيجىڭ 1984-يىل نەشرى 80-بەت؛ فەرغانە نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى، ئۈرۈمچى 1985-يىل نەشرى 26-بەت.

⑧ ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايئۇل ۋەسەت»، تاشكەنت 1990-يىل نەشرى 490-بەت.

⑨ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987-يىل نەشرى 69-بەت.

⑩ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش شەباب»، تاشكەنت 1989-يىل نەشرى 9-بەت.

⑪ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987-يىل نەشرى 35-بەت.

⑫ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس سىغەر»، تاشكەنت 1988-يىل نەشرى 25-بەت.

⑬ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، بېيجىڭ 1985-يىل نەشرى 7-بەت.

⑭مولla سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»، ئۈرۈمچى 1995-يىل نەشرى 1-بەت.

⑮ كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3-قىسىم، بېيجىڭ 2006-يىل نەشرى 386-بەت.

⑯ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985-يىل نەشرى 54-بەت.

⑰ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى 56 ـ بەت.
⑱ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 15 ـ بەت.
⑲ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 28 ـ بەت.
⑳ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 14 ـ بەت.
【21】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 22 ـ بەت.
【22】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 22 ـ بەت.
【23】 ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش شەباب»، تاشكەنت 1989 ـ يىل نەشرى 531 ـ بەت.
【24】 ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى 55 ـ بەت.
【25】 ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل كىبەر»، تاشكەنت 1990 ـ يىل نەشرى 318 ـ بەت.

پايدىلانمىلار:


1. ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى 1987 ـ يىل نەشرى.
2. ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ئەۋزان»، بەلخ 1953 ـ يىل نەشرى.
3. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت 1971 ـ يىل نەشرى.
4. زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، ئۈرۈمچى 2011 ـ يىل نەشرى.
5. يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست ۋە نەزمىي يەشمە)، بېيجىڭ 1984 ـ يىل نەشرى.
6. يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(فەرغانە نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى)، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى.
7. ئەلىشىر نەۋايى: «خەزايىنۇل مەئانى»، تاشكەنت 1988~ 1990 ـ يىللار نەشرى.
8. ئەلىشىر نەۋايى: «خەزايىنۇل مەئانى»، ئەنقەرە 1996 ~ 2006 ـ يىللار نەشرى.
9. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «دىۋانى زەلىلى»، بېيجىڭ 1985 ـ يىل نەشرى.
10. خوجا جەھان ئەرشى: «دىۋانى ئەرشى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
11. ئابدۇرەھىم نىزارى: «نىزارى لىرىكىلىرى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
12. ئىبراھىم مەشھۇرى: «دىۋانى مەشھۇرى»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
13. موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»، ئۈرۈمچى 1995 ـ يىل نەشرى.
14. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ئۈرۈمچى 1985 ـ يىل نەشرى.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات




## ياسىن مەتنىياز

### ئون سەككىز يېشىمدا ئون سەككىز باھار

بىر شېرىن ھېسلاردا ياشاپ كېلىمەن،
تاڭلارنى كۆزلىگەن تۇيغۇلار چېقىن.
ئۈزۈلمەس ئۈمىدنى ئالتۇن بىلىمەن،
كۆمۈش رەڭ تاغلاردىن سورايمەن ئېقىن.

تۇپراقتىن تۆرەلگەن سۆيگۈ تىنىقى،
تاشتىمۇ كۆكلەيدۇ جەسۇرانە جان.
دەملەرنى كېسەلمەس مۈشكۈل سىنىقى،
غالىپمەن، مەنزىلىم چەكسىزلىك تامان.

ئون سەككىز يېشىمدا ئون سەككىز باھار،
ئالەمنى ئورىدى ئالامان گۈلگە.
بەختلەر كۆڭلىنى قىلماقتا ئىزھار،
ياشلىق ئۇ، ۋاقىتقا يېڭىلمەس ئۈلگە.

### پەسىللەر ۋە ئادەملەر

پەسىللەر پەردەك ناز قىلار شۇنچە،
پەيلىگە مۇجەسسەم رەڭدار گۈزەللىك.
باھارنىڭ جىلۋىسى غۇچچىدە غۇنچە،
زىمىستان تۇزۇتسا ئەمەس رەزىللىك.

قۇياشقا تەلپۈنۈپ ئالمىشار تېز - تېز،
قەھرى بار، مېھرى بار، سېخىيلىقى بار.
شۇ ياڭلىغ مىجەزدە يارالغان ھەم بىز،
بىر خىللا ياشاشقا كۆنمەيمىز زىنھار.

سۆيۈشنى ئىستىسەڭ مەڭگۈلۈك باھار،
ئاق قارغا پۈركەنگەن مەندىكى ئالەم.

پەسىللەر نازىدىن ئارزۇلار يانار،
كۆيۈشتە، كۆنۈشتە ئۆتىدۇ ئادەم.

## چۇقان

يۈرەكلىرىم سىلەر بىلەن يايرىغان،
ئەڭ مۇقەددەس رىشتىلەرنىڭ سېھرىدە.
قۇشقاچلارمىز دان ئىزدىشىپ سايرىغان،
چەش راسلىدۇق ساۋاقداشلىق مېھرىدە.

توختام سۇدەك خۇشاللىقلار ئەۋجىدى،
دەريا كەبى دولقۇن ياساپ جەم بولساق.
ئۆتكەن كۈنلەر ئەسلەشلەرگە ئەرزىدى،
شاتلانمىدۇق بىرەرسىمىز كەم بولساق.

ئەجەپ ئىپسىل ھېسلارغا باي بۇ چاغلار،
كۆركەم كۈلكە كۆڭۈللەردىن تارىغان.
مەكتەپلەرنى كېزىشىدۇ كۆپ چاللار،
ئەسلىمىلەر ئىزناسىغا قانمىغان.

بىر شاختىكى جۈپ مېۋىدەك پارتىداش،
قېرىنداشتەك قەدىردانغا ئوخشايسەن.
سەندە باركى مېھرىسىزگە پارتىلاش،
ئالىي سۈپەت خىسلەتلەردە ياشنايسەن.

نۇر قۇچاقلاپ تەمشەلگەندە بېكەتكە،
ۋاقىت دېگەن دىدار ئۈچۈن بىر دۈشمەن!
بەردىشىم يوق بۇ كەمدىكى ھەسرەتكە،
ئىزى يىتمەس خاتىرەڭنىڭ بىتمەن.

* * *

قىممەت ئۇقار مەنزىللەرنى كۆزلەيمىز،
قەدرىمىزنى ئوخشىتىمەن ئالمىغا.
باغلارنى باغ قىلغان شېرىن تەمىمىز،
يەم بولمىسۇن ياتلار ئاتقان چالمىغا.

قېنى يوللار ئەجرىمىزنى سۆزلەپ ئۆت،
جىم تۇرماستىن چۇقان سالغىن ئاي-قۇياش.

ئىنساندىكى كۆركەم جۇلا بىزلەردە،
كۆرمەيلىچۇ تەمتىرەش ۋە تېڭىرقاش.

يىغىۋالدۇق نۇر دېگەننى ئاجايىپ،
مۇشكۈللەرنى يېڭىپ كەلگەن غالىپ بىز.
قېنى دەۋر دەرۋازاڭنى يوغان ئاچ،
سالماقچىمىز بەتلىرىڭگە ئۆچمەس ئىز.

سۆزىڭىزدە مۇھەببەتلىك مەنا بار،
مېھر دېگەن قەلبىڭىزنىڭ ئۆركىشى.
مۇئەللىمنى تىللىغانلىق كۇپۇرلۇق،
تۇزكور ئۆزى ھەقىقەتكە ئۆچ كىشى.

ساۋاقداشلىق مېھرى دېگەن ئاجايىپ،
ئەسلىمىلەر گۈزەللىككە گۈل قاتتى.
يۈرەك سۆزلەر تۆگمەستىن ۋاي ئىست،
قېنىپ بىررەت مۇڭداشقىچە تاڭ ئاتتى.

قىيالماستىن خوشلىشىمىز ئىيولدا،
ئەركەكلەرمۇ ياش تۆكىدۇ دالدىدا.
سۇسلاشمىسۇن ساۋاقداشلىق مېھرىمىز،
يىللار ئۆتۈپ مەكتەپ پۇتۇش ئالدىدا.

## سۇپەرنىڭ بۇلىقى

بۇلاقكۆلنىڭ بۇلاقلىرى قانداقتۇ؟
بىلىق بولۇپ كۆرۈپ باققۇم كېلىدۇ.
چۈشۈمدىكى سۇ پەرىسى راستىمدۇ؟
چۈشلىرىمنى ئۆرۈپ باققۇم كېلىدۇ.

سۇلار دېگەن سىر سۆزلەيدۇ ئاجايىپ،
بەتلىرىدە ئەپسانىۋى سۆيگۈ بار.
دولقۇنلىرى شامالارغا دوق بولۇپ،
تەبەسسۇمى چېچەكلەرگە ئويۇلار.

باھاردىكى يامغۇر بولۇپ قۇيۇلسام،
تاشارمىكىن بۇلاقلارمۇ بۇلدۇقلاپ.
يار قولىدا بىر تاش بولۇپ ئېتىلسام،

ئىزدىمەڭلار بىلىقلارنى سوراقلاپ.

سەھەرلەردە يۈرىكىمدىن يەم راسلاپ،
بىلىقلارغا مالاي بولۇپ ئىشلىدىم.
كۆل لېۋىدە ئەلەڭلىسە رەزگىلەر،
قارماقتىكى قازالارنى چىشلىدىم.

بۇلاقكۆلنىڭ ھېكايىسى راست ئىكەن،
ئاخشام چىقىپ تۇرۇپ قالدىم داڭ قېتىپ.
ۋەھىي كەلدى كىم بۇلغىسا بۇلاقنى،
ئوشۇقنى چىقۇەتكىن تاش ئېتىپ.

بۇلاقكۆلنىڭ بۇلاقلىرى قانداقتۇ،
بىلىق بولۇپ كۆرۈپ باققۇم كېلىدۇ.
چۈشلىرىمدە سۇ پەرىنىڭ تىنىقى،
بىر رەت رېئال سۆيۈپ باققۇم كېلىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# كېچە لىرىكىلىرى

## سەيدئەخمەت ئابدۇقادىر

### دىلبەرسىز كېچە

ئەجەپ ئۇزاق دىلبەرسىز كېچە،
يا چىقمىدى يار قارىغان ئاي.
قۇچاقلايدۇ ئۆلگۈر قاراڭغۇ،
ئاھ، بۇ كېچە مەن قانداق چىداي.

پۇراپ - پۇراپ تۈگەتتىم تامام،
سەن بەرگەن گۈل پۇراقلىرىنى.
شۇنداق شىرىن سېغىنىش بىلەن،
كۈتتۈم كۆزۈڭ ياراقلىرىنى.

سوغۇق ياستۇق نەمدەلگەن يەڭگىل،
چۈشلىرىمدە ئويناپدۇ شەيتان.
قۇشقاچ چوقۇپ چاقتى دېرىزە،
يوق بوپ چىقتىڭ سۆيۈملۈك جانان.

بەلكىم بۈگۈن يۇلتۇز چىققاندۇ،
سەن بولمىساڭ قاراپ نە قىلەي.
قۇچىقىڭنى ئاچقىن شۇنچە كەڭ،
يۇلتۇز بولۇپ جىسمىڭغا تولاي.

### بۇ كېچە

كەلمىسەڭمۇ ھېلال قاشىڭ ئاي بولۇپ،
ھەمراھ بولدى يىغانىمغا بۇ كېچە.
چېچىڭ ئارا جىمىرلىدى كۆزلىرىڭ،
سېغىنىشنىڭ كۆيى ئاغرىپ ئۆلگۈچە.

ئىستەك بولدى دىدارىڭنى بىر كۆرۈش،
ئات چاپتۇرغۇم كەلدى نەچچە يولۇڭغا.
ئاچ بۆرىدەك ھىدلاپ يۇمران چېچىڭنى،
سۆيۈۋالسام دەيمەن نەچچە قولۇڭغا.

ئىت قاۋايدۇ يىراقلاردا بەك غىرىپ،
ئىمتاسلىققا تۇتقۇن بولغان كېچىدە.
سايەم مىسكىن سۆرەلگەنچە كېلىدۇ،
ئۇمۇ غەمگە پاتتى بەلكىم ئىچىدە.

شىلدىرلايدۇ شوخ سۇ سېنىڭ تىلىڭدا،
دىققىتىمنى تارتىپ ھەردەم ئۆزىگە.
ئالدانغاننى بىلىپ تۇرۇپ ۋە يەنە،
لەۋلىرىمنى ياقتىم سۇنىڭ لېۋىگە.

چۈشلىرىمنى ئۈزۈپ قويدى شۇ زامان،
خورازلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ چىللىشى.
ئازابىمغا ئازاپ قوشتى ھەسسىلەپ،
كۆزۈڭ ئەمەس يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشى.

## ئالتىنچى پەسىل

كۆزلەردىن، يۈرەكتىن سىرغىيدۇ سۆيگۈ،
قىش كېتىپ ھىجرانمۇ بەربات بولغاندا.
بىر شېرىن ھىسلاردا كۆكلەيدۇ تۇيغۇ،
لەۋلەرگە ئەيمىنىش ئۇيات بولغاندا.

ئىسيانلار، يۈرەكتىن بېرەي بىر ئىزاھ،
بۇ پەسىل بىز ئۈچۈن ئوتتىن يارالغان.
قاراقلار دەۋاسىن سورايدۇ ئىلاھ،
چۈنكى بۇ قاراققا ئىشىق تارالغان.

بىز ماڭغان كوچىدا يامغۇردىن كېيىن،
ئالمىلار چېچەكلەپ ھىد چاچتى سەندەك.
ئېرىقتا سۇ ئەمەس، سۆيگۈلۈك ئېقىن،
قۇيۇلۇپ ئاقىدۇ يۈرەككە قەندەك.

چۈشۈمنىڭ تېمىسى بولدۇڭ پەرىشتەم،
كۈلۈشۈپ دوقمۇشتا كېلىمىز مەغرۇر.
چۈنكى قول قوللارنى تۇتقاچقا مەھكەم،
چىڭقىيدۇ توختىماي ساداقەت، غۇرۇر.

كۆزلەردىن يۈرەككە ئۆتتى پىچىرلاش،
ئاخىرقى تېگىسەن تەگسىز خىيالنىڭ.
يۈرىكىم سەن ئۈچۈن ئۆلمەس مەڭگۈ تاش،
سەنسىز يوق مەنىسى سەلكىن شامالنىڭ.

ئالبۇمدىن رىئاللىق ئالىدۇ ئەندىز،
خۇشاللىق تېرىيدۇ چىغىر يوللارغا.
كېلىمىز شۇ چىغىر يوللاردا كەپسىز،
بەختىنىڭ دىپلومى تۇرار قوللاردا.

مەن سېنىڭ بۇلبۇلۇڭ، گۈلۈم سەن ئەسلى،
ئالتىنچى پەسىلدۇر بۇ ۋىسال پەسلى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنىستىتۇتى ئاخباراتشۇناسلىق 2007 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# ئىككى شېئىر

هەزرىتئېلى مۇھەممەد

## بەخت ئارزۇسى

ئۇچراتسام چىن ۋاپا خۇلقى گۈزەلنى،
ۋۇجۇدۇم ۋولقاندەك يېلىنجار ئاڭا.
قىلغايمەن مەڭگۈگە ئۆلمەس ئەقىدە،
شۇ پەرى نازىنىن يار بولسا ماڭا.

كېتىمەن چۆل ئارا پەرھاتتەك كېزىپ،
ۋىجدانىنىڭ يىغىدىن تاپالمىسام يار.
ئۆتسەمۇ رازىمەن يارسىز يىگانە،
بەرمەيمەن كۆڭلۈمنى نامەرتكە زىنھار.

بەختىمدىن چىن ۋاپا كەتمىسە دەيمەن،
ياشنايدۇ ياشلىقىم ۋاپادار بىلەن.
كەل نىگار ياڭرىسۇن ھايات كۈيىمىز،
سازلانماس دۇتارمۇ بىرتال تار بىلەن.

يوقلارنى بار قىلغان تىرىكلىك دوستۇم،
پۇشايمان قىلمىغىن تۆككەن يېشىڭغا.

بولسىلا روھىڭدا غەيرەت ـ جاسارەت،
تاپىسەن بىركۈنى بەخت ـ سائادەت.
ئەجرىڭدىن ئالتۇن بار، ئۈمىدنى ئۈزمە،
بەختىنىڭ يىلتىزى ئەسلى مۇھەببەت.

ئىشەنگىن، مۇشەققەت ئەمەس مەڭگۈلۈك،
زامانەڭ باقمىسا، سەن ئۇنىڭغا باق.
سەۋردىن پۈتىدۇ ھالۋىلار ھامان،
بىلسەڭ زور بايلىقتۇر تۇرغىنىڭ ساپساق.

باھارنىڭ زىنىنتى خۇشپۇراق گۈللەر،
تىنىپمۇ كېتەلمەس جۇدۇن پەسلىدىن.
ئاجىزلار يوقۇلۇپ كۈچلۈكلەر قالغان،
مۇشۇنداق جاھان بۇ، بىلسەڭ ئەسلىدىن.

## مۇشۇنداق جاھان بۇ بىلسەڭ ئەسلىدىن

كەلسىمۇ نەچچە رەت كۈلپەت بېشىڭغا،
سالمىغىن زەھەرنى يېگەن ئېشىڭغا.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# نە ئۈچۈن ئاشىقلا چېكىدۇ ھەسرەت

مەلىكە ئەھەد

شىۋىرلار يوپۇرماق مەيىن شامالدا،
ماڭىمەن خىيالدا يۇلتۇزغا قاراپ.
زەھەردەك ھەسرەتكە بولۇپ مۇپتىلا،
جۇدالىق قەلبىدىن تەنلەرگە تاراپ.

ئەي يۈرەك ئۆزۈڭنى قىينىما بۇنچە،
ئۆزگىنىڭ ئالدىدا بولما خارۇ - زار.
ئۆتسەڭمۇ بىر ئۆمۈر يالغۇز - يىگانە،
غۇرۇرۇڭ ئالدىدا بولما جاۋابكار.

نە ئۈچۈن ئاشىقلا چېكىدۇ ھەسرەت،
مەشۇقلار يۈرۈيدۇ مۇندىن بىخەۋەر.
ئازابىنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ ئەسلا،
يوق ئۇندا ئۈمىدتىن قىلچىمۇ ئەسەر.

مەشۇقمۇ كۆيىدۇ بەلكىم باشقىغا،
مۇھەببەت ئۇنىڭغا باغلىغان رىشتە.
كەتسىمۇ ئۆتمۈشكە تالاي نەچچە يىل،
ياش تۆككەن ھىجرانلا قالىدۇ ئەستە.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2009 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# يۈيۈنغان كۆڭۈل

ئايگۈل روزى

چىلىشىپ ئازاپقا جۆپ كۆڭۈل شۇ دەم،
لەۋلەردە چايقالدى سۆيگۈمىز پىنھان.
مۇڭلاندى دەريامۇ ياپراقلار ھەمدەم،
شامالمۇ خىيالدىن قالمىدى ئامان.

يېڭى بىر ھاياتلىق، يېڭى ئىنتىلىش،
مەقسىتىم قەلبىمنىڭ ئىشىكىنى چەكسەڭ.

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ، باقساڭ قايتىدىن،
ئارمان دەپ يۈرمەيتتىم ماڭا كۆز تىكسەڭ.

يۈيۈندى كۆڭلۈممۇ مەڭزىدە چىمەن،
كۆزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى نۇر.
مۇڭلۇق بىر ۋىسالمۇ ئويغىنىپ چۈشتىن،
قەلبىڭنى سۆيگۈمگە چۆمدۈردى چوڭقۇر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

مۇھەررىرلەر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات، زۇلفىيە ئىسمايىل




قۇياش كۆيۈۋاتىدۇ، خىيالىم سەن قۇياشتا، ئاي ساڭا ھەمراھ.

زېمىندا مەن، مېنىڭ يۈرىكىم كۆيۈۋاتىدۇ قۇياش تەپتىدە. سېنىڭ جىسمىڭ ۋە مېنىڭ يۈرىكىم ئۈچۈن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن...

ئەپسۇس، قۇملار كۆيەلمەيدۇ، ئېغىر سۈكۈتتە. چۈنكى، ئۇنىڭ تەكتىدە كۆمۈلگەن تارىخ يالتىرار. ئۈستىدە كۆيۈۋاتقان قۇياش. يىراق - يىراقلارغا تارقىلار ئۇنىڭدىن ياڭرىغان پەرھاد ناخشىسى.

كىرورەنگە يەتكەچ ئۇنىڭ مۇڭ كۈيى، شىرىننى ئىزدەپ، قۇياش تەپتىدە ھالسىزلىنىپ، قايتا كۆمۈلۈپ قالدى قۇملار ئاستىغا.

قۇياش كۆيدى ھەم كۆيدۈردى. چۈنكى، قۇياشنىمۇ ئاي كۆيدۈرگەن...

مەشۇقىنىڭ ئايدىڭ كېچىدە ئاشىقىغا بەرگەن ۋەدىلىرىگە گۇۋاھ بولغان ئاي، قۇياشنىمۇ شۇ ۋەدىلەر بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغان.

ئەنە، قۇياش يەنە كۆيۈۋاتىدۇ. ئەپسۇس، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يۇلتۇزلار ھەمراھ بوپتۇ...

*********

سۆيگەن ھەم سۆيۈلگەن شۇ ئاخشام مەن قاقاقلاپ كۈلدۈم ھەم قان يىغلىدىم... ئاقىۋەت سەن غالىپ كەلدىڭ.

تىپىرلىغان يۈرىكىمنى يېرىش ئۈچۈن خەنجەر ئىزدىدىم، قولۇمغا خەنجەر ئەمەس، سېنىڭ قوللىرىڭ چىقتى.

ھەيرانلىقتا بېشىمنى كۆتۈرگەن ئىدىم، كۆزلىرىڭ يۈرىكىمنى يېرىۋەتتى...

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2007 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر تۇنساگۈل مەخمۇت




(شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەرنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى كەسپى «ئۇيغۇر تىلى - مەدەنىيەتى» يۆنىلىشىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى تىلتېكىن يۇسۇف ئىگەمبەردى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى)

ئەلسۆيەر: يۇسۇف ئاكا، تونۇشقىنىمىزغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، نۆۋەتتە، مېنى ئەڭ قىزىقتۇرۇۋاتقان، جەمئىيەتتە قايناق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتقان كىشى ئىسىملىرى ھەم تەگئات ھەققىدە خەلقىمىزنى تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە، سىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتىم. سۆھبەتلەشسەك بولامدۇ؟

تىلتېكىن: ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

ئەلسۆيەر: سىز كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغا قاچاندىن باشلاپ كىرىشكەن؟

تىلتېكىن: مەن 1992 - يىلى ئۇستازىم مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىينىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇ كىشى تۈزۈپ ئىچكى قىسمىدا، يەنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن - تەتقىقات باشقارمىسى نامىدا باسمىدىن چىقارماقچى بولغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقاۋا خېتىنى سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىپ بەرگەنىدىم. كىتاب باسمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇستازىم مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىي ماڭا بىرنى سوۋغا قىلدى. مەن كىتاب مۇقاۋىسىغا بېسىلغان ھۆسنخېتىمگە زوقلىنىپ قاراش بىلەن بىرگە، كىتاب ئىچىدىكى ئۆز ئىسمىمنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست، يار - بۇرادەرلىرىمنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش ھەمدە ئۇستازىم مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىي بىلەن تەكرار سۆھبەتلىشىش داۋامىدا كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىنىڭ بوسۇغىسىغا تۇنجى قەدەمنى قويغانىدىم.

ئەلسۆيەر: سىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ساھەسىدە قانداق ئىزدەندىڭىز؟

تىلتېكىن: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ساھەسىدىكى تەتقىقاتىمنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان ماقالەم «ئۇيغۇر كىشى

ئىسىملىرىنىڭ قېلىپلىشىشى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» 1997 - يىلى ئۇيغۇرچە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 3 - ساندا مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىينىڭ تەھرىرلىكىدە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالەمدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، تىل ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشىنى بەس - بەستە ئىشلەشكە كىرىشكەنىكەن. ئالدى بىلەن ئۇققىنىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنال بۆلۈمىدىن مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىي بىلەن تىل فاكۇلتېتى دوتسېنتى غەييۇر ئابدۇقادىر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىشلەپ، 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە، ئۇيغۇرچە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىش لۇغىتى» نامىدا بەش ساندا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغىنى بولدى. 1998 - يىلى 9 - ئايدا مەن ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەتئەل تىلى فاكۇلتېتىغا بىر يىللىق رۇسچە ئۆگىنىشكە كەلدىم. بۇ جەرياندا مەن ساۋاقداشلىرىمدىن، يەنى چۆچەكلىك ئۇيغۇر مۇقەددەس مىرزا، مورىيلىق قازاق خەيرۇللاھتىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكولتېتىنىڭ مۇئەللىمى لياۋزېيۇ (廖泽余) ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىشلەش تەتقىقاتىنى قولغا ئالغانلىقىنى ھەمدە بەلگىلىك ئىلگىرلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

لېكىن، لياۋزېيۇ ئەپەندى مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىينىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئەسلىگە ياندۇرغان ھالەتتە خەنزۇچىدا قېلىپلاشتۇرغان بولغاچقا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلىگىنىنى قايتا چۇۋۇپ «مۇھەممەد» بىلەن «مەمەت» نى ئايرىم - ئايرىم كىشى ئىسمى قىلىپ، ئالدىنقىسىنى «穆罕默德»، كېيىنكىسىنى «买买提» قىلىپ ئىشلەپتۇ. 1998 - يىلى ئۇستازىم مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىينىڭ «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە ۋە كۆپ سۆزلۈك مىقدارى بىلەن نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىشلەش تەتقىقاتىنى قايتا قولغا ئالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەدئەلى ئابدۇرەھىم ئەپەندى باشچىلىقىدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلاشقان قوللانمىسى كوللېكتىپ ئىشلىنىپ رەسمىي نەشىردىن چىقتى.

يەنە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش، مەن 1999 - يىلى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 3 - ساندا ئىسلامجان شېرىپنىڭ تەھرىرلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەگئات (فامىلە) قوللىنىشىغا ئائىت بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدىم. ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «فامىلە» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدە ياۋرۇپا تىللىرىدىكى «قۇل» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى

كۆزدە تۇتۇپ، مەزكۇر سۆزنىڭ ئورنىغا «تەگئات» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى، تەگئات (فامىلە) قوللىنىشنى ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى ھەمدە قوللانسا تەگئات (فامىلە) نى كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەرھەقىقەت، تەگئات (فامىلە) نى پەقەت مۇئەييەن ساندىكى چەكلىك زىيالىيلار، قەلەمكەشلەرلا قوللانسا بولىدىغان قىلىپ قويماسلىق كېرەك ئىدى. بولمىسا، تەگئات (فامىلە) كىشىلەر تەرىپىدىن يەنىلا تەخەللۇس ياكى قەلەم ئېتى دەپ قارىلىپ كېڭەيتىلىشكە ئېرىشەلمەيتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدا، مەن تەگئاتنى كىشى ئىسمى ئالدىدا قوللىنىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. يەنە، قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەگئاتنى ئۆز ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئارىسىدا قوللىنىدىغان ئەھۋالىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتۇم. ئويلىسام، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە 1997 - يىلىدىن 2010 - يىلىغىچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپتىمەن. ماقالىلىرىمدە ئىزچىل يوسۇندا سۇرەملىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ قوللىنىش ھەققىدىمۇ تەشەببۇسلارنى قىلىپ كەلدىم. بۇنداق بولغاندا، بىر ئىسمىنىڭ سۇرەمەل شەكلىدىن نەچچىسىنى نەچچە كىشى ئۆز ئىسمى قىلىپ قوللىنىپ يۈرىدىغان، شۇ ئاساستا مەناغا ئېتىبار بېرىشكە سەل قارىلىدىغان ئىش يۈز بەرمەيتتى. مىسالى «مامۇت» بىلەن «مەھمۇد» ئەسلى بىر ئىسىمدۇر.

ئەلسۆيەر: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدا، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك تەتقىقاتلار قايسى؟

تىلتېكىن: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى كۆپ جەھەتتىن كۆپ كىشىنىڭ ئىزدىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات تېمىسىدۇر. كىشىلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىرى (1) «قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»؛ (2) «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»؛ (3) «ھازىرقى دەۋر كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»؛ (4) «ئۇيغۇر تەگئات (فامىلە) لىرى لۇغىتى»؛ (5) «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئىجادكار ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ تەخەللۇسلىرى لۇغىتى»؛ (6) «ھازىرقى ۋە يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ تەخەللۇسلىرىنىڭ لۇغىتى» قاتارلىقلار. مۇشۇ ئەمگەكلەر رەسمىي ئىشلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىقات يولىغا باشلىدى، دېسەك بولىدۇ.

ئەلسۆيەر: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى قانداق؟

تىلتېكىن: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى نۆۋەتتە، كەڭلىك جەھەتتىن، ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە بولۇش يۆنىلىشىدە بولسا، چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە بولۇش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. كىشىلەر 1980 - يىللاردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغان، تەكرار ئىسىم قويمايدىغان، قوپال مەنالاردىكى ئىسىملارنى تاللىمايدىغان بولدى. يەنە، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەگئات (فامىلە)

قوللىنىشقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. مەنمۇ كىشىلەر قاتارىدا «تىلتېكىن» دېگەن تەگئاتنى قوللاندىم ھەمدە ئۆز ئىسمىم ۋە ئاتامنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇپ «تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى» دەپ ئىشلىتىۋاتىمەن.

ئەلسۆيەر: تەگئات قوللىنىش ھەققىدىكى ئۈمىدلىك ئويلار قايسى؟

تىلتېكىن: نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرى تور ئالاقىلىرىدە، QQ (كوت - كوت) توپىدا مەلۇم بىر شەرتلىك بەلگە بولىدىغان سۆز ۋە سۆزلەملىك تەركىبنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەگەر، بىز بىرمۇ بىر زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىساق، بۇنداق شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئىشلەتكەن شەرتلىك بەلگىلەرنى تەگئات ياكى تەخەللۇس دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، رەسمىي قەغەز يۈزىدە، يەنى كىملىك، تىلخەت، دىپلوم، تونۇشتۇرۇش، رۇخسەت سوراش خېتى، ئىسپىراپكا، پوچتا يوللانمىلىرى... قاتارلىقلاردا بۇنداق شەرتلىك بەلگىلەرنى رەسمىي تەگئات دەپ تونۇپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ. رەسمىي تەگئات ئىشلەتكەنلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ ئىشلەتكەن تەگئاتنى، كىملىكتە ۋە دىپلوملىرىدا بۇرۇن ئىشلەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، قوللىنىشتا قولايسىزلىقلار كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ئۈمىدىمىزنىڭ بىرى، ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى نوپۇسقا ئولتۇرغۇزغاندا، يەسلى ياكى مەكتەپكە تىزىملاتقۇزغاندا، پەرزەنتىنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ تاللىغان تەگئاتنىمۇ تىزىملاتسا ئوبدان بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، 2001 - يىلى يازلىق تەتىلدە ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەدئەلى ئابدۇرەھىم بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئەللىمى غەيرەتجان ئابدۇللاھ كالدىر دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەگئات قوللىنىش ھەققىدە پىكىر ئالماقچى بولۇپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كەلگەندە، مەن ئۇلارغا تەگئات قوللىنىش ئىشلىرىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەلۇم بىر يەردە سىناق نۇقتىسى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدىم. بۇمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك تەكلىپ ئىدى. بۇ مەلۇم بىر يېزا ياكى مەھەللىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، يېزا ياكى مەھەللىدىكى كىشىلەردە تەگئات قوللىنىش ئىشىنى سىناق قىلىپ، خىزمەت ۋە تەجرىبىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن، تەگئات قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ئەلسۆيەر: تەگئات قوللىنىش ۋە تەتقىقات ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراش ۋە تەتقىقاتلىرىڭىز بار ئىكەن، شۇ ھەقتە سۆزلەپ باقسىڭىز؟

تىلتېكىن: بايا ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقاندا مەن «تەگئات (فامىلە) نى كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويدۇم» دېدىم. بۇ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك، ئەسكى تامدىن ئەرۋاھ قوپقاندەك گەپ بولماستىن، بەلكى ئويلىنىش، يەنە ئويلىنىشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش. ھەرگىزمۇ ئۆزلۈمچىلىك بىلەن ئويلاپ تېپىۋالغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تەگئات رولىنى ئۆتەيدىغان قەبىلە نامى كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. قەدىمكى كۆسەنلىكلەرنىڭ تەگئېتىمۇ كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. يەنى، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان قەدىمقى

كۆسەنلىكلەرنىڭ تەگئاتلىرىنىڭ يىرى بولغان «白» سۆزىنى بەزىلەر «ئاقارى»، بەزىلەر «بەگ» سۆزىدۇر دېسىمۇ، لېكىن، ئورتاق ھالدا كىشى ئىسمى ئالدىدا ئىشلىتىلگەن تەگئات سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە، دىيارىمىزدا پائالىيەت قىلىپ ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرغان خوجىلار جەمەتىنىڭ كىشى ئىسىملىرى ئالدىدا كېلىدىغان «خوجا» سۆزىمۇ تەگئات (فامىلە) بولغان. قۇمۇل ئىناچىخانلىرىنىڭ تەگئات سۆزى «غازى» مۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئىلى، ئۇرۇمچىدىكى سالارلارنىڭ تەگئاتى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا قوللىنىلىدۇ. ۋەھالەنكى، چەتئەل ئالىملىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە سالارلارنىڭ ئاغزاكى تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ، يەنى، دىيارىمىزدا ئىشلىتىلۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شېۋىلىرى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلارمۇ تەگئاتنى كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىدا قوللانسا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تەگئات كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئارقىدا قوللىنىدىغان تەخەللۇس ۋە نىسبە بىلەن ئورۇن تالىشىپ قالمايدۇ، دەپ قارىدىم. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ، دىيارىمىزدىكى تەگئات قوللىنىپ بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەگئېتى ئۆز ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىدا، قىسمەنلىرىنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. شۇڭا، مەن تەشەببۇس قىلغان، تەگئاتنى ھەممىنىڭ ئالدىغا، يەنى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئىسمى ئالدىغا قويۇپ قوللىنىش پىكرىمۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەس. بىز جەمئىيىتىمىزدە ھەرخىل ئىدىيەلىك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، تەگئات (فامىلە) قوللىنىشنى بىرخىللاشتۇرۇشنىڭ تەگئات (فامىلە) قوللىنىشقا توسالغۇ بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئەلسۆيەر: سىز بايا «نىسبە» دېگەن بىر سۆزنى ئىشلىتىپ ئۆتتىڭىز، مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ باقسىڭىز؟

تىلتېكىن: «نىسبە» تىلىمىزدىكى «نىسبەت، نەسەب» دېگەن سۆزلەر بىلەن يىلتىزداش بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ساھەسىدە ئۆز ئىسمى، تەخەللۇس، تەگئات، ئاتا ئىسمى، لەقەم بىلەن تەڭ تىزىلىشقا تېگىشلىك ئۇقۇم سۆزىدۇر. بىز كىشى ئىسمىنى تۈر ئۇقۇم دەپ قارىساق، نىسبەنى ئۆز ئىسمى، تەخەللۇس، تەگئات، ئاتا ئىسمى، لەقەم بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان جىنس ئۇقۇم سۆزى دېسەك بولىدۇ. ئاددىي چۈشەندۈرگەندە، نىسبە بولسا يەر - جاي ناملىرىنىڭ كىشى ئىسمىغا ئايلىنىپ، كىشى ئىسمىغا ياندىش ھالدا قوشۇلۇپ كېلىشىدۇر. مىسالى: «ئىبراھىم ئويتۇرىي» دېيىلگەندە «ئويتۇرىي» سۆزى ئۇچتۇرپاننىڭ ئويتۇر يېزىسىدا تۇغۇلغان ۋە ياشىغان ئىبراھىم ئىسىملىك خەتتاتنىڭ نىسبەسى. ئۇ كىشى ئۆزىنى باشقا يۇرت مەھەللىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەلەمكەشلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن «ئويتۇر» دېگەن يېزىنىڭ نامىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئارقىدا قوللىنىپ نىسبە قىلغان.

ئەلسۆيەر: ئىسمىڭىزدا «ف» ھەرپىنى ئىشلىتىپسىز، بۇنىڭ قانداق ئاساسى بار؟

تىلتېپكىن: بۇ سوئالغا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن جاۋاپ بېرىپ تۇراي:

بىرىنچى، ئۇيغۇرلار خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ «ف» تاۋۇشىنى تەلەپپۇز ۋە يېزىقتا ئىشلەتكەن. بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان «ساپ»، «ئېتىراپ»، «پايدا» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ساف»، «ئېئتىراف»، «فايدا» تەلەپپۇز قىلىناتتى. شۇ دەۋردە نەشرىياتچىلىق ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان، لۇغەتلەر ھازىرقىدەك ئەپچىل نەشردىن چىقىدىغان بولمىسىمۇ، قورال كىتابلار ئاز بولسىمۇ، قورال كىتابلار ئۈچۈن قول يازما كىتابلارنى پايدىلانما قىلىنىدىغان بولسىمۇ، كىشىلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلىدىغان «ف» ھەرپىنى ۋە تاۋۇشىنى بەكمۇ توغرا، ئىملالىق قوللىنالايدىغان سەۋىيەدە ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىن ھازىرقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا كۆچۈش جەريانىدا، قەستەن «خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلىغا ماسلاشتۇرىمىز» دېگەن يوقىلاڭ باھانە بىلەن، تەركىبىدە «ف» بولغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ف» نى ئىستېمالدا «پ» قىلىۋەتكەن. لېكىن، رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى «ف» تاۋۇشى ۋە ھەرپىنى ئۆز ئەينى ئىشلىتىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەر تەركىبىدە «ف» ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ف» نى ئىستېمالدا توغرا ئىشلىتەلەيتتى.

ئىككىنچى، 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا، ئۆلمەس مىراسىمىز «قۇتادغۇبىلىك» نى نەشرگە تەييارلاشتا كىتاب مۇئەللىپى، ئالىم يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نامى «يۈسۈپ» بولۇپ قالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىدە «تارىخىي شەخسلەرنىڭ نام - شەرىپى ئەينى دەۋر تارىخىدىكى ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنى، بوۋىمىز يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نامى خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملا بىلەن «يۈسۈف» دەپ يېزىلىدۇ ھەم ئوقۇلىدۇ. ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭكىدەك «يۈسۈپ» دەپ يېزىلمايدۇ ھەم ئوقۇلمايدۇ، دەپ تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بوۋىمىز يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نامى مەرھۇمنىڭ كىتابىدا «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» دەپ يېزىلىش بىلەن نەشردىن چىقىپ كېتىپ قالغان. مەن بوۋىمىز يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نامىنىڭ توغرا قوللىنىش كېرەكلىكىنى كىشىلەرگە ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىسمىدا «ف» ھەرپىنى ئىشلەتتىم.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدا ۋە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەردە ئىسىم ئىگىسى قانداق قوللانسا شۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، دېگەن پىرىنسىپ بار. شۇ پىرىنسىپ بويىچە ئىككىنچى ئەۋلاد كىملىكىمدە نام - شەرىپىم «يۈسۈف ئىگەمبەردى» بولدى.

ئاخىرىدا ئەسكەرتىدىغىنىم، كىشى ئىسمىدىكى «پ» ھەرپىنى ئەسلىگە ياندۇرۇپ «ف» قىلىپ ئىشلەتكۈچىلەرمۇ جەمئىيىتىمىزدە خېلى كۆپ. بۇنى مەتبۇئاتلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: فەرىدە، فەرۇق، غەفۇر، فۇرقەت، فۇرقان، فاتىمە، فىروزە... قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلىتىشى، تىل ئىستېمالىدا ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋارىسلىقىنى، باغلىنىشىنى تەكىتلەش، تاۋۇش

ئۆزگىرىشى بىلەن مەنا ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش... مەقسىتىدە بولۇنغان.

ئەلسۆيەر: ھازىر قىسمەن كىشىلەر «-تېكىن» نى تەگئات (فامىلە) قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ، سىزمۇ «تىلتېكىن» دەپ تەگئات قوللاندىڭىز، بۇنىڭ نېمە ئاساسى بار؟

تىلتېكىن: بىرىنچىدىن، «-تېكىن» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «شاھزادە، خانزادە» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئەسەردىكى ئىككى شاھزادىنىڭ ھېكايىسىنى سىزمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، ئەلۋەتتە. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئورقۇن ۋادىسىدا ياشىغان دەۋردە بولسا «تېكىن» قەبىلە باشلىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولغان. ئۈچىنچىدىن، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن، يەنى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن بىلىندۇكى، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «-تېكىن» خان جەمەتىگە تەۋە ئەر خانزادىلەر ۋە خانزادە بولمىغان ئەر تۇغقانلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلىدىغان سۆزلەملىك تەركىب بولغان. بۇ ئەسەردە يەنە «-تېكىن» نىڭ ئەر خانزادىلەرنىڭ نامىغا قوشۇلىدىغانلىقى، «-تەرىم» نىڭ قىز - ئايال خانزادىلەرنىڭ ۋە خانزادە بولمىغان ئايال تۇغقانلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلىدىغانلىقى قەيتلەنگەن.

ھازىرقى دەۋرىمىزدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەر - ئاياللىق پەرقى چوڭ. يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ قىز - ئاياللارغا قويۇلىدىغان كىشى ئىسىملىرى ئايرىم، ئوغۇل - ئەرلەرگە قويۇلىدىغان كىشى ئىسىملىرى ئايرىم. مۇشۇ ئاساستا، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەگئات (فامىلە) سۆزىدىمۇ ئەر - ئاياللىق جىنس پەرقىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ كەلدى. مۇشۇ تەكىت بويىچە، تەگئات سۆزىدە جىنس پەرقىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى «تېكىن» نىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆز تەگئات (فامىلە) لىرىغا تەدبىقلاۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە مۇستەقىل مورفېما بولغان «تېكىن» سۆزى غەيرىي مۇستەقىل مورفېمىغا ئۆزگىرىپ «-تېكىن» بولۇۋاتىدۇ. مىسالى: ئالپتېكىن، سارتېكىن، بوزتېكىن... قاتارلىقلار. مەنمۇ شۇ يۆنىلىشتە «تىل» سۆزىگە «-تېكىن» تەركىبىنى قوشۇپ، «تىلتېكىن» قىلىپ ئىشلەتتىم. رېئال ئەھۋالىمىزدا ئەرلەرنىڭ تەگئات (فامىلە) قوللىنىشى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتتا، ئاياللارنىڭ تەگئات (فامىلە) قوللىنىشىغا ئەگىشىپ، خاقانىيە دەۋرىدىكى «-تەرىم» تەركىبىمۇ ئاياللارنىڭ تەگئاتىدا ئۇچرايدىغان بولىدۇ.

ئەلسۆيەر: يۈسۈف ئاكا، مەنمۇ 2007 - يىلدىن باشلاپ، ئۆزۈمنى ئوخشاش نام - شەرىپلىكلەردىن پەرقلەندۈرۈش ۋە ئىجادىيەت يۆنىلىشىمنى بەلگىلەش ئۈچۈن «ئەلسۆيەر» سۆزىنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەنىدىم. بۇ يىل، يەنى 2011 - يىلدىن باشلاپ، يۇرتۇم كۇچادىكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر ساقساقنىڭ سۆزلەملىك تەركىبى بولغان «ساق» قا «-تېكىن» نى قوشۇپ «ساقتېكىن» دەپ تەگئات قوللىنىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. تىلىمىزدا «ساقساق» دېگەن يەر نامىنىڭ قانداق مەنا بېرىدىغانلىقى ئايرىم بىر تەتقىقات مەسىلىسى. لېكىن، «ساق» سۆزى ھەم مەھەللەمنىڭ نامىدىن كەلگەن، ھەم «سالامەت، ساغلام» دېگەن ياخشى

مەنىنى بېرىدىغان «ساق» سۆزى بىلەن ئاھاڭـــداش ۋە شـــەكىلداش. ئەگەر، جەمەتىمىزدىكى قىز - ئايال تۇغقانلىرىم مەزكـۇر تەگئـاتنى ئىشلەتمەكچى بولسـا

«ســـاقەرىم» دەپ ئىشـــلىتىدۇ.

سۆھبىتىمگە ماسلاشقىنىڭىزغا رەھمەت.

تىلتـېكىن: ســـىزنىڭمۇ ســـۆھبەت ئۇيۇشتۇرغىنىڭىزغا رەھمەت.

2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى (چارشەنبە)، ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزىي مەكتەپ رايونى

(ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە: ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «باسمىدىن چىققى» دېيىلسە، «ئىچكى قىسىمدا، ئۆز ئالدىغا، ئىچكى نومۇر بىلەن نەشر ئەپكار بۇيۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ». «نەشردىن چىققى» دېيىلسە، «نەشرىياتلاردا رەسمىي بېسىلغان، ئىچكى ۋە خەلقئارالىق نومۇر بىلەن نەشر قىلىنغان ئەپكار بۇيۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ)

مۇھەررىر تۇنساگۈل مەھمۇد




## (گۈلنۇر ئابدۇللانىڭ خەلق داستانچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى)

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ساۋاقدىشىم ئامانىنسا مېنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. بۇ دەرۋازىسىمۇ يوق، توپا تامدىن قوپۇرۇلغان ئىككى ئېغىزلا ئۆي ئىدى. تۆت تال ئىنچىكە تۈۋرۈك ۋە شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان پەش (چەللە) ئۆي ئالدىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. مەن ئامانىنساغا ئەگىشىپ تاشقىرىقى ئۆيگە كىردىم. ئۆي ئىچى قاراڭغۇراق، ئەمما رەتلىك ھەم پاكىز ئىدى. سۇكىدە (سۇپا) بىر پارچە كىگىز، كىگىز ئۈستىدە ئوڭ تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغا بىر چوڭ جاۋەن بولغاندىن سىرت، ئۆي ئىچىدە كۆزگە چېلىققۇدەك نەرسە يوق ئىدى. بىز سۇكىنىڭ (سۇپىنىڭ) قىرىدىلا ئولتۇرۇپ، ئامانىنسانىڭ ئانىسى ئامانىنسا ئۈچۈن ئېلىپ قويغان بىر قاچا تاماقنى، ئۇ بىر قوشۇق مەن بىر قوشۇقتىن تالىشىپ يەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مىنىڭ كۆزۈم تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى تامغا ئېسىلغان راۋابقا چۈشۈپ قالدى.

– ئۇ راۋاپنى كىم چالىدۇ؟

– ئاكام، داداممۇ چالالايدۇ.

– مىنىڭ ئاچام دوختۇر بولماقچى، سىزنىڭ ئاكىڭىز راۋاپ چالىدىغان ئادەم بولامدا؟

– ھەئە، ئاكام داستان ئېيتىشنى ئۆگىنىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى شامەمەتكە شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردۇق...

بۇ گەپ قۇلىقىمغا بەك غەيرى ئاڭلىنىپ كېتىپ، كۈلۈپ سالغىلى تاسلا قالدىم. چۈنكى دادام جىق گەپ قىلىدىغان كوت - كوت ئادەملەرنى «شا مەمتكام» دەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئامانىنسانىڭ ئۆيىدىكى راۋاب كۆزلىرىمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتكەن ئىدىم. بىراق بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ راۋابنىڭ زىل ئاۋازى خەلق داستانلىرىمىزدىن ئىبارەت بۈيۈك مەنىۋى مىراسىمىزنى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا ياڭرىتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

2011 — يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «مەملىكەتلىك ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە داستان ئورۇنلاش كۆرىكى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىر قىسىم داستانچىلار قاتناشقان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيەسىدىن كەلگەن ھەممىدىن ياش، ئەمما تالانتلىق داستانچى، كىچىك ۋاقتىمدىكى دوستۇم ئامانىنسانىڭ ئاكىسى جۇمە نۇرمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنى دەرسىمىز بولغانلىقتىن سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇ يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. ئەمما

**مەن دەرىستىن سىرت ۋاقىتتا جۇمە نۇرى ھەم ئۇنىڭ ئۇستازى ئوبۇلھەسەن قارىم بىلەن بىر قېتىملىق قىسقىغىنا سۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. تۆۋەندە شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن.**

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جۇمە ئاكا، نىمە سەۋەپتىن داستان ئۆگىنىشنى ئويلاپ قالغان ئىدىڭىز؟

جۇمە نۇرى: كىچىكىمدىن باشلاپ داستان ئېيتىشقا قىزىقاتتىم، بولۇپمۇ شاھ مۇھەممەت ئاكىنىڭ داستانلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن داستان ئېيتىشنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قىزىقىپ، باشتا شاھ مۇھەممەت ئاكىنىڭ قولىدا بىر يىل ئۆگەندىم. كېيىن ئوبۇلھەسەن ئاكامغا شاگىرت بولۇپ كىردىم.

گۈلنۇر ئابدۇللا: داستان ئۆگىنىش جەريانىدا قېيىنچىلىقتا ئۇچرىغان تەرەپلىرىڭىز بارمۇ؟

جۇمە نۇرى: مەن باشتا ئىقتىسادتا بەكمۇ قىينالغان ئىدىم. ئەڭ ئاددىيسى ئۆيدىن خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن دادام كىراغا پۇل بەرسە، ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىتتا پۇل يوق، بەزىدە ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانغىمۇ پۇل تاپالماي قالاتتىم. داستان ئۆگىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئوبۇلھەسەن قارىمغا شاگىرتلىققا كىرگەندىن كېيىن قېيىنچىلىقىممۇ ھەل بولدى.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوبۇلھەسەن قارىم ئاكا، شاگىرتلىرى جۇمە نۇرىغا داستان ئۆگىتىش جەريانىدا سىلىنىڭ قىينالغان تەرەپلىرى بارمۇ؟

ئوبۇلھەسەن قارىم: يوق بالام، يوق. بۇ شاگىرتىم بەك تىرىشچان، بەك ئۆگىنىدۇ. ماڭا شاگىرت بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ خىزمىتىمنى بەك قىلدى. ئويۇن قۇياشقا قەيەگە باسام مەن بىلەن تەڭ بادى. كېچىنى كېچە دېمىدى، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمىدى. ئۆز بالامنىڭ ئورنىدا ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. مەن بۇ شاگىرتىمدىن بەك رازى بالام. شۇڭا نامىزىمدىمۇ كۆپ دۇئا قىلدىم ئۇنىڭغا. 20 نەچچە يىللىق شاگىرتلىرىممۇ با. يەتتە شاگىرتىمنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسى بۇ شاگىرتىمغا يەتمەيدۇ. بۈگۈنگە كەگەندە بۇ شاگىرتىم ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ كۆزگە كۆرۈندى. مېنى رازى قىلدى. كۆڭلەمدىكىنى ئېيتسام ئىچ - ئىچىمدىن خۇشمەن بالام.

جۇمە نۇرى 27ـ28 ياشلاردا بولۇپ داستان ئۆگىنىۋاتقىنىغا كەم دېگەندىمۇ 10 يىل بولغان ئىدى. بۇ ئون يىلدا ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن بەزىلەر سودا قىلىپ كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالغان بولسا، بەزىلەر جەمئىيەتتە مۇقىم خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولۇپ، خېلى ئابروي- ئىناۋەتلەرگە نائىل بولۇپ قالدى. يەنە بەزىلەر ھېچ بولمىغاندا ھۈنەر- كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى. لېكىن، جۇمە نۇرىنىڭ ئۇستازىغا ئەگىشىپ بازارلاردا، مازار- ماشايىخلاردا داستان ئېيتىپ بېرىش بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ سەدىقە ئورنىدا بەرگەن 1- 2 كوي پۇللىرى قانچىلىك بولماقچى، بۇنى يەنە قانچىلىك ئادەم قانچىلىك ۋاقىتقىچە بىرەلەيدۇ؟! بەلكىم، جۇمە نۇرىنىڭمۇ راۋاپىنى قولتۇقلاپ تۇپۇلۇق يوللاردا كىتىۋاتقىنىدا، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىسىل ماشىنىلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە پۇقۇرتقان چاڭ- توزانلار ئارىسىدا قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغىيتتى...

مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر قاملاشمىغان سوئالنى سوراپ قالدىم. بۇنىڭ ئۇچۇن ھازىرغىچە خېجىللىق ھېس قىلىمەن.

گۈلنۇر ئابدۇللا: جۇمە ئاكا، داستان ئېيتىشقا نىسبەتەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس. بۇ كەسىپكە قارىتا تونۇشى ئىنىق بولمىغان كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى كەمسىتكەن ۋاقتى بولغانمۇ؟

جۇمە نۇرى: ياق، مەن ھازىرغىچە بىرەرسىنىڭ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنى كەمسىتكىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ھېچكىم ئالدىمدا بۇ توغرۇلۇق سۆز ئېچىپمۇ باقمىدى.

ئۇنىڭ بۇنداق كەسكىن ھەم يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى قىزىققۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر داستانلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن ۋە سۆيىنىپ تۇرۇپ داستان ئېيتقان ھەقىقى سۆيگۈ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ئۇنداقتا ئۇنىڭ قەلبىدە مۇشۇنداق يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟ جۇمە نۇرىنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلىرىدا تۇتقان ئورنى قانداق بولىدۇ؟ مەن جۇمە نۇرنى چۈشىنىشتە بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتىنىڭ پروفېسسورى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، دوكتور، ھۆرمەتلىك ئۇستاز ئوسمان ئىسمايىل تارىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوسمان مۇئەللىم، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تەرەققىيات دېگەنلىك بىر نەرسىنىڭ ئەسلىدىكىدىنمۇ يۇكسىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى مەسىلە داستانچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئەسلىدىكى داستانچىلىق پائالىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تەرەققى قىلالماسلىقى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان، مۇشۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: توغرا، بۇنداق كىشىلەر ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەر ئازلاپ كېتىدۇ؟ چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ زامانىۋىي مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەتكە ئېلىپ كەلگەن خىرىسى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت زامانىۋىي مەدەنىيەتكە ئورۇن بوشىتىۋاتىدۇ. خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ. بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خەلقىمىز ھەرخىل سورۇنلارغا توپلىشىپ، قوشاق، چۆچەك، داستان قاتارلىق ئاغزاكى سەنئەت شەكىللىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىپ كەلگەن ئىدى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، 80 ـ يىللاردىن باشلاپ دۆلىتىمىزدە مەجبۇرى مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، تەدرىجى ھالدا ھەممە

كىشىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇشى ئىشقا ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارى ئېغىز ئەدەبىياتتىن يازما ئەدەبىياتقا كۆچتى. ئىككىنچىدىن، زامانىۋىي تارقىتىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلدى. ھازىر رادىيو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر قاتارلىق ئىلغار تارقىتىش ۋاستىلىرى مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر بۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ خالىغان ۋاقىتتا ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەتتىن ھوزۇرلىنالايدىغان، كۆڭۈل ئاچالايدىغان بولدى. ئۈچىنچىدىن باشقا، ھازىر يېقىنقى دەرىجىدىكى سەھنە سەنئىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمەكلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرى بار. بولۇپمۇ تېلېۋىزورنىڭ ھەممە ئائىلىلەرگە كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر ئۆيدە ئولتۇرۇپلا ھەرخىل سەنئەت شەكىللىرىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا تەبىئىي يوسۇندا داستانچىلىق سورۇنى تارىيىپ كەتتى. داستانچىلىقنىڭ خېرىدارى بولمىسا، ئاڭلايدىغان ئادەم بولمىسا ئەلۋەتتە ئۇنى باشقىلارمۇ ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ ـ دە. ئاقسۇ، تۇرپان ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بىرقىسىم ناھىيەلىرىدىكى داستانچىلار مەخسۇس داستان ئېيتىپ كۈن ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى بۇرۇنلا تاشلىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەردە داستان ئېيتىدىغانلار قالمىغان. قەشقەردە بىز بىلىدىغان داستانچىدىن بىر نەچچە ئادەم بار. لېكىن ئۇلار ئىلگىرىكىدەك كوچا ـ كويلارغا چىقىپ داستان ئېيتمايدۇ، ھېچكىممۇ ئۇلارنى داستان ئېيتىپ بېرىڭ دەپ تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بازىرى بولمىغانلىقتىن داستان ئېيتىشنى تاشلاپ، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى پىششىق بىلىدىغان داستانلىرىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇشقا باشلىغان. ئەمدى خوتەندىلا مەخسۇس داستان ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر ساقلىنىپ قالغان. سىلەر دەۋاتقان جۈمە نۇرىغا ئوخشاش بىرقىسىم دابستانچىلار ئاندا ـ ساندا داستان ئېيتىپ، تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ جېنىنى جان ئېتىۋاتىدۇ. چۈنكى خوتەندە يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە داستانچىلىق سورۇنى بار. ئۇ يەردە ھازىرمۇ كوچىلاردا ۋە مازارلاردا توپلىشىپ ، كۆڭۈل قويۇپ داستان ئاڭلايدىغان ئادەملەر بار. لېكىن بۇ ئەھۋال قانچىلىك داۋاملىشىدۇ، بىز بۇنى بىلمەيمىز. خوتەندىكى داستانچىلارمۇ ئاللىقاچان ياشىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت مۇشۇ جۈمە نۇرىلا ياش. ئۇ ياش بولسىمۇ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، تىرىشىپ نۇرغۇن داستانلارنى ئىگەللىگەن. ھازىر خوتەندە قىشتا داستانچىلىق پائالىيىتى بولمايدۇ. يازدا ئانچە ـ مۇنچە بولۇۋاتىدۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ سورۇنلارمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوسمان مۇئەللىم، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر بولىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا جۈمە نۇرىنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ھازىقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتا قانچىلىك ئورنى بار؟

— ئوسمان ئىسمائىل تارىم: توغرا، داستانچىلىقنىڭ سورۇنى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ، ئېھتىياج تۆۋەنلەۋاتىدۇ. ئەمما بىز ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى تامامەن

يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىز نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ئاستا - ئاستا ئىجاد قىلغان بۈيۈك بىر سەنئەت. هازىر بىز يۈزدىن ئارتۇق داستاننى تىزىمغا ئېلىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. ئويلاپ باقساق، مۇشۇنچىۋالا داستاننى قانچىلىغان ئادەملەر نۇرغۇن ئەمگەك بىلەن ياراتقاندۇ!؟ ئادەم هەيران قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى تۈقۇش، شېئىرى قىسمىنى ئىجات قىلىش، مۇزىكىسىنى ئىشلەشكە قانچىلىك كۈچ كېتىدۇ!؟ دېمەك بۇ زور بىر تۈركۈم ئادەم قاتناشقان چوڭ بىر مەدەنىيەت هادىسىسى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز داستاننى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات ئىجاد قىلىپ، ئەۋلاتمۇ ئەۋلات ساقلاپ، بۈگۈنگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن تۇرسا، ئەمدى ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدا يوقاپ كەتسە، بىز ئەجدادلارغا ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قانداق يۈز كېلىمىز؟ بۇ هەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئەهۋال بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ مۇهىم. مېنىڭچە، داستاننى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى بار. بىرى، داستانلار يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، جىددى تۇتۇش قىلىپ، داستانلارنى داستانچىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارغا ئېلىۋېلىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. ئەدەبىياتچىلار تېكىستىدىن پايدىلىنىدۇ، مۇزىكانتلار مۇزىكىسىدىن پايدىلىنىدۇ. بىز هازىرغىچە ئىككى داستانچىنىڭ بىر داستاننى ئوخشاش ئېيتقىنىنى ئاڭلىمىدۇق. داستانچى هامان ئۆزىنىڭ شەخسى ئىجادىيىتىنى داستانغا سىڭدۈرۈۋەتكەن بولىدۇ. شۇڭا داستاننى تەتقىق قىلىش ماهىيەتتە داستانچىنى تەتقىق قىلىش هېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاننى هەربىر داستانچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىدا ئېيتقىنى بويىچە سىنغا ئېلىش كېرەك. بىز بۇ جەهەتتە خېلى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. ئىككىنچىسى، داستانچىلىقنى ئەسلى هالىتى بويىچە تىرىك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن هەرخىل داستانچىلىق سورۇنلىرىنى هازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. مەدەنىيەت سورۇنلىرى هېيت- بايراملاردا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، داستانچىلارنى داستان ئېيتقۇزسا بولىدۇ. نەق ئەسلى هالەتتە ساقلاش دېگەن مانا مۇشۇ. بىزنىڭ سىنئالغۇغا ئېلىۋالغىنىمىز ئەسلى هالەت ئەمەس. ئەسلى هالەت دەل خەلق ئارىسىدا داستاننىڭ ئاغزاكى ئېيتىلىپ تۇرىشىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇنداق تىرىك هالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم داستانچىلارنى يېتىشتۈرمەي بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن داستان ئېيتىدىغانلارنى يېتىشتۈرۈش قىيىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىز بايا ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئاساسلىقى ئىقتىسادي تۇرمۇش مەسىلىسى. داستان ئېيتىپ، تۇرمۇش كەچۈرگىلى، خوتۇن - بالىلىرىنى باققىلى بولمىسا، كىممۇ ئۇنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ دەيسىز. شۇ سەۋەپتىن بىز بىر تۈركۈم ياش داستانچىلارنى يېتىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىساد مەسىلىسىنى هەل قىلىشىمىز كېرەك. بىر تۈركۈم داستانچىلار يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن نۆۋەتتە كەلسە تېلېۋىزىيەدە مەخسۇس پروگراممىلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇلار ئېيتقان داستانلارنى بىۋاستە خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىشىمىز كېرەك، شۇ ئارقىلىق داستانلارنى كەڭ تۈردە

تارقىتىشىمىز، ھەممە كىشىنى بۇ ئىسىل سەنئەتتىن ھوزۇرلاندۇرىشىمىز كېرەك. جۇمە نۇرى ئەنە شۇنداق يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ياش داستانچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ داستاننى ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلاپ قېلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋىي داستانچىلىقىمىز بىلەن ھازىرقى زامان داستانچىلىقىمىزنى ئۇلايدىغان كۆۋرۈك بولدى. جۇمە نۇرى ياش، زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ خوتەندە ئېيتىلىپ كېلىنگەن كۆپ قىسىم داستانلانى ئىگىلەپ بولغان. ئۇ نەسرىي داستانلارنىمۇ، مۇزىكا بىلەن ئېيتىلىدىغان نەزمىي داستانلارنىمۇ، نەسر ھەم نەزم ئارلاشقان داستانلارنىمۇ بىلىدۇ. بىراق ئۇستازىغا ھۆرمەت قىلىپ ئايرىم داستان ئېيتمايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە جۇمە نۇرى ئۇستازى ئوبۇلھەسەن قارىم بىلمەيدىغان داستانلارنىمۇ بىلىدۇ. مەن بىر قانچە داستاننى ئوبۇلھەسەن قارىمدىن سورىغاندا، ئۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن بۇلارنى جۇمە نۇرى بىلىدىكەن. يەنە كېلىپ جۇمە نۇرى ئوبۇلھەسەن قارىمدىن باشقا شاھمۇھەممەت قارىمدىنمۇ ئۆگەنگەن. بۇمۇ ئۇنىڭدىكى بىر ئەۋزەللىك.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوبۇلھەسەن قارى ئاكا، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقاندىن كېيىن سىلىدە ئۇيغۇر داستانچىلىقى ھەققىدە قانداق يېڭى تەسىراتلار پەيدا بولدى؟

ئوبۇلھەسەن قارىم: ئىلگىرىلەش بولدى بالام، قەشقەردىن كەلگەن داستانچىلارنىڭكىنىمۇ ئاڭلىدۇق، قۇمۇللۇقلارنىڭكىنىمۇ ئاڭلىدۇق. ئەمما پۈتۈن شىنجاڭدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا كەلگىنىمىز ئاران ئون بىر ئادەم ئىكەنمىز. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ داستاننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايدىغىنى 4 ـ 5 لا ئادەم ئىكەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن پەخىرلىك ھېس قىلدىم. ئىلگىرى كىشىلەر بىزنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتايتتى. بەزىدە ئەلنەغمىچىلە دىسە، بەزىدە ۋايىز، مەددا دەيتتى. ھەتتا بەزىدە قەلەندە مۇ دېيتتى. ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن، بىز ئاڭلىمىغانغا سېلىپ داستان ئېيتىۋەدۇق. توپا بىلەن تەڭ ئادەمتۇق بالام، مانا ھۆكۈمەت ھازىر ئورنىمىزنى كۆتۈردى، قىممىتىمىزنى بىلدۈردى.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوسمان مۇئەللىم، مەن جۇمە نۇرى قاتارلىق بىر تۈركۈم داستانچىللىرىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى ئىقتىسادى ئەھۋالى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلايمەن. بىلىشىمىزچە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەملىكەتلىك غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. خەلق داستانچىلىرى بۇ خىل غەيرى ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىكەن. ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ خەلق داستانچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئىقتىسادى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولامدۇ ـ يوق؟

ئوسمان ئىسمائىل تارىم: بۇ مەسىلىنى ئوبدان ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. بىر داستانچى ئەتىدىن كەچكىچە داستان ئېيتىپ باشقىلارنى ھوزۇرلاندۇرىمەن دەپ يۈرىۋەرسە، ئۆزى ئاچ قالىدۇ. بۇ ئاددى داۋلى. شۇڭا ئۇلار داستان ئېيتسا، باشقىلار ئاز ـ تولا ئاتىغىنىنى بەرسە، داستانچىلار بۇنى رەت قىلمايدۇ. ھازىر قارايدىغان بولساق سەنئەتچىلەرمۇ ئويۇن قويۇشىنىڭ ئالدىدا ئىش ھەققىنى كېلىشىپ بولۇپ، بىر ناخشا ئېيتسام

مانچە پۇل بىرىسە دەپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ ئەمەسمۇ. بىراق، خەلق داستانچىلىرى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ داستان ئېيتسام.ھەق بېرىشىڭ كېرەك دەپ تەلەپ قىلىپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ داستان ئېيتىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس. ئۇلار داستان ئېيتىشقا قىزىقىدۇ، داستان ئېيتسا كۆڭلى ئېچىلىدۇ. داستان ئېيتىپ باشقىلارنى ھۇزۇرلاندۇرالىسا ئېخىممۇ ياپراپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بەزى بايلار داستانچىلىق سورۇنلىرىدا داستانچىلارنىڭ ئالدىغا چۈشكەن نەچچە تال تەڭگىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تىلەمچى قاتارىدا كۆرگەن، كۆزگە ئىلمىغان. ئەمما، خەلق ئېچىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سۆيىدىغان كىشىلەر داستانچىلارنى ئىچ ئىچىدىن ھۆرمەت قىلغان. چۈنكى داستانچىلار ئەينى دەۋردە تۆۋەن قاتلام ئىچىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن ئادەم بىلمەيدىغان تارىخىي بىلىملەرنى بىلەتتى، ئاجايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلىيەلەيتتى. چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالالايتتى ۋە ناخشا ئېيتالايتتى. شۇڭا كىشىلەر بالىلىرىنى داستانچىلارغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرەتتى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆڭۈل ئېچىشتا كىشىلەرنىڭ داستانغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. داستاننى، داستانچىلارنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، داستانچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنى داستانچىلارمۇ، جەمئىيەتمۇ بىلىدۇ. مەسىلەن، بىز خوتەنگە بارغاندا داستانچىلار كىشىلەر بىزنى تىلەمچى، ئابدال، مەدداھ دەيدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ دېيىشتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بىز ئامال قىلىپ داستانچىلارنىڭ قىممىتىنى جەمئىيەتكە تونۇتۇپ، داستانچىلارنىڭ ئۇلۇغ بىر مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالغۇچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغ بىر مەدەنىيىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق داستانچىلارغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىشىمىز كېرەك. چۈنكى داستانچىنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك، ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك. يەنە بىرسى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا ئوخشاش يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان، ئەمما بەلگىلىك قىممىتى بار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش سىياسىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ. تۆۋەندىكى ئورۇنلار ئۆز جايىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تور قىلىپ يوقىرىغا يوللىسا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن دەرىجىلەرگە ئايرىلىپ، مەخسۇس ئىقتىساد ئاجرىتىپ قوغداۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قىسىم ناھىيەلەر بۇ خىزمەتكە ئېتىبار بېرىپ، 30ـ40 تۈرنى قولغا كىرگۈزۈپ بولدى. بىراق، بىر قىسىم ناھىيەلەردە ھازىرغىچە بىرمۇ تۈر يوق. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ناھىيەلەرنىڭ مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەن، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلار كەسىپ ئەھلى ئەمەس. ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى قانداق مەدىنيەتنى تۈر تۇرغۇزۇپ قوغداشنى بىلمەيدۇ. دېمەك، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئەھمىيەت بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن خەلق داستانلىرىمۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قوغدالماي قالدى. گەرچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىي ھۆكۈمەتنىڭ

فونكسىيەلىك ئورنى بولمىسىمۇ، بىز خەلق داستانلىرىنى قوغداپ قىلىشنىڭ ئەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە ئىلتىماس سۇندۇق. بىر قاتار تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەملىكەت دەرىجىلىك غەيرى ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، قوغداش تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەدەنىيەت نازارىتىدىن بىزگە تۇنجى تۈركۈمدە داستانچىدىن ئىككى ئادەمنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە يوللاشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بىز خوتەندىن ئوبۇلھەسەن قارىمنى، قەشقەردىن قادىر مەخسۇتنى يوللاپ، تەستىقلاتقان ئىدۇق. كېيىن بۇ ئىش قايتا ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ئىككى سان بەكمۇ ئاز دە. ئەگەر بىز خەلق داستانلىرىنى قوغداشنى تېخىمۇ كۈچەيتمىز دېيدىكەنمىز، يەنىلا تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كەسپى ئورۇن، بىزدە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى باشقۇرۇش هوقۇقى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەدىنىيەت نازارىتىدىن بىزگە چۈشۈرۈلگەن ئىقتىساد داستانلارنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بىز داستانچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى داستان ئېيتقۇزغان ۋاقتىمىزدىلا، ئۇلارغا ئانچە - مۇنچە كۆڭلىمىزنى ئىپادىلىيەلەيمىز. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى تۈپتىن هەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، يۇقىرىغا تۈر قىلىپ يوللىشى كېرەك. مەسىلەن لوپ ناھىيەسى «جۇمە نۇرى داستانلىرى» نى مەخسۇس بىر تۈر قىلىپ بېكىتسە بولىدۇ. چۈنكى هازىرقى ئاساسىي مەسىلە دۆلەت سىياسىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدا، يۇقىرى ئورۇن يېتەرلىك ئىقتىساد ئاجراتماسلىقتا ئەمەس، بەلكى تۆۋەننىڭ بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىدە، ئۆز تەۋەسىدىكى قوغداشقا تېگىشلىك مەدىنىيەت مىراسلىرىنى يۇقىرىغا يوللىماسلىقىدا ۋە ئاكتىپلىق بىلەن قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىمەيۋاتقانلىقىدا بولىۋاتىدۇ. قىسقىسى داستانچىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى تېخىچە كاپالەتكە ئىگە بولمايۋاتىدۇ.

گۈلنۇر ئابدۇللا: جۇمە ئاكا، ئۇيغۇر داستانچىلىق سەنئىتىنىڭ بىردىنبىر ياش خەلق سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئويلىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

جۇمە نۇرى: ئويلىغانلىرىم بار. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقاندىن كېيىن مەن ھەر يەرلەردىن كەلگەن داستانچىلارنىڭ داستانلىرىنى ئاڭلىدىم، مۇئەللىملەرمۇ داستان توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەردى. بۇلاردىن ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدىم. داستانچىلىق سەنئىتىنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم داستانلارنىڭ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. مەن بۇنىڭدىن كېيىن داستانلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىگەللەپ، ئەل ئىچىگە تارقالغان ۋە يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرغان داستانلارنى توپلاپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا تولۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

گۈلنۇر ئابدۇللا: ئوبۇلھەسەن

قارى ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن شاگىرتلىرى جۇمە نۇرىغا نىسبەتەن قانداق تەلەپلىرى بار؟

ئوبۇلهەسەن قارىم: تەلىپىم بالام، شاگىرتلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى مۇشۇ شاگىرتىم. مەن ياشىنىپ قالدىم، مۇشۇ شاگىرتىمنى مېنىڭ ئىزىمنى باسساكەن دېگەن ئۈمىتتىمەن. مېنىڭ ئوغۇل بالام يوق. شاگىرتىممۇ مۇشۇ، بالاممۇ مۇشۇ. هۆكۈمەتمۇ بىزگە كۆپ غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، بىزدىن چوڭ ئۈمۈت كۈتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ شاگىرتىمنىڭ داستانلارنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشىنى، مېنىڭ ئىزىمنى ئۇچۇرۇپ قويماسلىقىنى، بولۇپمۇ ئاتا- بوۋىمىزدىن باشلاپ ئېيتىپ كەلگەن داستاننى ئۈزۈپ قويماسلىقىنى ئۈمۈت قىتمە.

گۈلنۇر ئابدۇللا: شۇ تاپتا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا ئوخشاش ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يېتىپ كەلگەن مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، ئۇلۇغ مىراسلار ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن. چۈنكى بۇ مىراسلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن بۇلاق ئىكەن. بۇ بۇلاق سۈيى سىلەرگە ئوخشاش سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ ئىنسانغا خاس ئاددى قەلبىدىن چىققان چىن سۆيگۈسى بىلەن يۈرەك قېنىدىن هاسىل بولغان ئىكەن. ئاخىردا ئۈمۈد قىلىدىغىنىم ئۇستازلىرىمىز سالامەت بولسۇن، تىلەكلىرىگە يەتسۇن. جۇمە ئاكا، خەلقىمىز ئۇچۇن ياڭراۋاتقان راۋابىڭىزنىڭ كۈيلىرى تېخىمۇ جاراڭلاپ تۇرسۇن. رەخمەت سىلەرگە.

(سۆهبەت ئېلىپ بارغۇچى شىنجاڭ ئونىۋېرستېتى فىلىلوگىيە ئىنىستىتوتى 2008- يىللىق كاتىباتلىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

# «كونا ئۆي» پوۋېستىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدا

تۇرسۇننىسا تۇرسۇنتوختى



نۇرگۈل ئەبەي ئەسەرلىرى 2008 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ «تارىم»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ قىسقىغىنا ئۈچ يىل جەريانىدا ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئاممىباباپلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «يىغلىما كۆزۈم»، «كونا ئۆي»، «قېرى قىز»، «پىنھاندىكى دەرتلىك قەلبلەر»، «بوشلۇق»، «گۇناھ ۋە جازا»، «ئەجەل شۇنداق ئىكەن»، «پەرىلەر، پەرىشتىلەر»، «ئىككى ھېكايە»، «مەڭگۈلۈك پەردە» قاتارلىق پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى. «ئانا» ناملىق پوۋېستى 2011 ـ يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا نائىل بولدى.

نۇرگۈل ئەبەي ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ بىر ئانا، بىر ئايال ئىكەنلىكىدەك مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ، تۈرلۈك ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئانا» دېگەن بۇ ئۇلۇغ نامغا داغ چۈشۈرۈۋاتقان بىر قىسىم ئەخلاقسىز ئاياللارنى، ئۆز ئۆيىدىكى پەرىشتە سۈپەت ۋاپادارىنى كۆرەلمەي، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ تالاغا قارايدىغان، ئىللىق ئائىلىسىنى بۇزۇپ، بالىلىرىنى يېتىملىك كوچىسىغا تاشلايدىغان ۋاپاسىز، ئەقىلسىز ئەرلەرنى، تۇرمۇش يولىدا قايمۇقۇپ، ھەرخىل يامان يوللارغا كىرىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى تاپالماي تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقان، ئۆز بەختىنى پۇل، مال ـ دۇنيا، ھوقۇق ـ مەرتىۋىدىن ئىزدەيدىغان ئازغۇن ياشلارنى ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىرلىك، جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىدىكى چىركىنلىكلەرنى، ئەخلاق جەھەتتىكى ئاينىشلىرىنى، مەنىۋى جەھەتتىكى يىمىرىلىشلىرىنى ئىپادىلەشنى ئىجادىيىتىنىڭ ئوق يىلتىزى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىش، ئىدىيەۋى

تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىندۇر.

يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، مەن نۇرگۈل ئەبەي ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەردىن بىرى بولغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «كونا ئۆي» ناملىق پوۋېستى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پوۋېستتىكى پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمەن.

پوۋېست چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، باش قىسمى قەيسەرنىڭ ناھايىتى زور پۇشايمان ئىلكىدە بىر كونا ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە باشلىنىش ئوقۇرمەنلەرنى بۇ زادى قانداق ئۆي؟ قەيسەر نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئازابلىنىدۇ؟ دېگەن سىرلىق سوئاللار ئىلكىدە تەبىئىي ھالدا ئەسەر ۋەقەلىكىگە باشلاپ كىرىدۇ. مۇشۇنداق قىزىقىش بىلەن ئەسەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ئوقۇرمەن، ئەسلىدە بۇ ئۆينىڭ قەيسەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى، يەنى، ياش تۇرۇپ ئېرىدىن تۇل قالغان نىساخاننىڭ ئوغلى قەيسەرنى ئۆگەي ئاتىنىڭ قولىغا قاراتماسلىق ئۈچۈن، ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ، ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كيمەي كيگۈزۈپ مىڭ بىر جاپادا ئالىي مەكتەپكە يولغا سالغانلىقى، قەيسەر بولسا ئوقۇش جەريانىدا ئۆزى بىلەن كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، سەھرا قىزى رىزۋان بىلەن بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئۇنتۇپ، شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقى، خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ھەشەمەتلىك تويىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنگمۇ ئېگە بولالمىغاي، سەھرادا يالغۇز قالغان ئانىسىنى يوقلاشقا ۋاقتى چىقمىغانلىقى. كېيىن ئانىسىغا شەھەردىن بىنا ئۆي ئېلىپ بېرىپ، ئاندا - ساندا تېلېفون قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاقتى - ۋاقتىدا يوقلاپ كەلمىگەنلىكى، بىچارە ئانا يالغۇزچىلىقتا چىدىماي، يەنە سەھراغا كېتىپ قالغاندىمۇ، نە كېلىن، نە ئوغۇل ئۇنى يوقلىمىغانلىقى، ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ تۈگەپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ نامىزىغا قۇدىلىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقلىرىنى باھانە قىلىپ كېلىپمۇ قويمىغانلىقى، كېلىنىمۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۆزىدىن ئېككى تامچە ياشمۇ ئاققۇزمىغانلىقى، ئانىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، قەيسەر ئاندىن ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلانغانلىقى، ئانىسىنى قېيىنئانىسى ئورنىدا كۆرمىگەن ئايالى گۆھەر ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكى، ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولۇپ، سەھراغا — ئانىسىنىڭ كونا ئۆيىگە كېتىپ، ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھويلىسىغا يېڭى ئۆي سالغانلىقى، گۆھەرمۇ قېيىنئانىسىغا قىلغانلىرىنى ئويلاپ، پۇشايمان زەرداپلىرىنى يۇتۇپ، ئانىسىنىڭ قويمىغىنىغا ئۇنىماي، قەيسەرنىڭ يېنىغا، يەنى قېيىنئانىسىنىڭ «كونا ئۆي» گە يېنىپ كەلگەنلىكىدەك بىر جەريانىنى بىلىپ يېتىدۇ. كىتابخان بۇ ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق ئازابىدا مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ ئوغۇل تۇققان، بۇ ئوغۇل بىلەن قوشۇپ قەلبىدە نۇرغۇن ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى بىللە «تۇغقان» ، بىراق بالا

مېھرىگە قانماي، بالا - چاقىسىنىڭ يولىغا قاراپ، ئۇلارنى سېغىنىپ كۆزى تۆت بولۇپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن نىساخان مومايغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىسىز ياش تۆكسە، پۇل، مال - دۇنيا، ھوقۇق - ئىمتىيازنىغا ئىشىنىپ كېرىلىپ كەتكەن، نام - ئابروينىڭ قۇلى بولغان مەنمەنچى گۆھەر ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، نام - ئەمەل ئۈچۈن ئانىسىنى داغدا قويغان، كىچىككىپ ئەقلىنى تاپقان ۋاپاسىز ئوغۇل قەيسەرگە لەنەت، نەپرەتلەر ياغدۇرماي قالمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتور ئىدىيەسىينى، كۆز قاراشلىرىنى، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان مەقسىتىنى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرىنى تاللاش تولىمۇ مۇھىم. ئاپتور بۇ پوۋېستتىمۇ پېرسوناژلارنى ناھايىتى ياخشى تاللاپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ، يۈكسەك قەلەم ماھارىتىنى نامايەن قىلغان. تۆۋەندە بىز ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرايلى:

1. نىساخان موماي ئوبرازى

نىساخان موماي بارلىق ئانىلارغا خاس بولغان ئاقكۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق، بارلىقىنى پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاتىۋېتىشتەك يۈكسەك، ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە قەيسەر ئانا. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ياش تۇرۇپ تۇل قالغاندا، قايتا نىكاھلىق بولسا تامامەن بولاتتى. بىراق، بۇ ئانا ئوغلىنى كىشى قولىغا قارىتىپ، دادىسىدىن ئايرىلىپ زەخمە يېگەن قەلبىگە يەنە ئازار بەرگۈسى كەلمەي، بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتۈشكە رازى بولدى. ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ، ئوغلىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا جاپا چەكمىدى ئەمەس، يەتكۈچە چەكتى. لېكىن، ئوغلى ئۈچۈن، ئوغلىنى ياراملىق ئادەم قىلىش ئۈچۈن «ۋاي» دېمىدى. ئۆزى يالغۇز دېھقانچىلىق قىلىپ بالىسىنى ئىقتىسادتىن ئۈزمىدى. ھازىرقىدەك ئىككى ئادەم مائاش ئېلىپ تۇرۇپمۇ، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئاران - ئاران تۈتۈن چىقىرىپ، ئۇ ئائىلىقنى بۇ ئائىلىقتا ئۇلاشتۇرالماي يۈرىۋاتقان شارائىتتا بىر دېھقان ئايال ئۈچۈن بىر بالىنى ئوقۇتۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنغا توختىغانلىقىنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىراق، نىساخان ئانا ئاشۇنداق جاپادا ئوقۇتۇپ، چەكسىز ئارزۇ - ئۈمىدتە چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ تويىغا باشقا ئانىلاردەك ياسىنىپ - تارىنىپ، خۇشال - خۇرام بارالمايدۇ، ئەل - جامائەتكە توي باغىقى تارقىتالمايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئاددى - ساددا بولغانلىقى، بىر بالىنى باقىمەن دەپ، يەتكۈچە جاپا چېكىپ گۈلدەك ھۆسنىنىڭ توزىغانلىقىدا، پۇل، مال - دۇنياسىنىڭ يوقلۇقىدا ئىدى. بۇنىڭغۇ مەيلى دەپ تۇرايلى، ئۇ كېلىنىنى كۆرۈپ «چىرايلىق» كېلىنىنىڭ قولىدىن بىر چىنە ئىسسىق ئاش تۆگۈل، سوغۇق سۇمۇ ئىچەلمەيدۇ. كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىشتىن ئېغىز ئېچىشقۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئانا تۇرۇپ كېلىنىنىڭ، نەۋرىسىنىڭ ھەرقانداق بىر ئانا ئاڭلىسا يۈرەكلىرىنى تىترىتىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان «ئانا»، «موما» دەپ چاقىرىشىنى ئاڭلىيالمايدۇ. قۇدا بولدۇم دەپ، قۇدىلىرى ئالدىدا ئادەمدەك مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلاردىن قىلچىمۇ رەنجىمەيدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراپ باقايلى:

*«ئۇ توپا-چاڭ ئىچىدە مۇدۇرۇپ، تەمتىرەپ كېتىۋاتقان شۇ چاغدا ياشلار قۇيۇلۇۋاتقان ئاجىز كۆزلىرى يېنىدىلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تونۇش ماشىنىنى كۆرۈپ قالدى. ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئەركەك قۇدىسى غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە كەينى ئورۇندۇقتا خانىشلاردەك گىدىيىپ ئولتۇرغان چىشى قۇدىسىنى، چىرايلىق كېلىنىنى كۆرۈپ قالغاندەك بولدى. ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. چايقىلىپ كېتىۋاتقان چاقلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ مومايىنىڭ ئۇستىۋېشىنى تېخىمۇ كۆمۈۋەتتى. ئۇ ئاجايىپ بىر سىقىلىشتىن بېشىنى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ، جايىغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.»*① كەڭ قورساق، سەۋرچان ئانا ئۆز بالىسى، قۇدىسى كۆرمەسكە سېلىپ كەتسىمۇ، «بۇ يەردە ماشىنا توختىتىش مەنئىي قىلىنسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، بالىسىنى كەچۈرىۋېتىدۇ، قىلچىلىكمۇ يۈزىگە سالمايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئەپۇ بىلەن تولغان قەلبى ھەر ۋاقىت بالىسىنى كەچۈرىۋېتىشكە، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە قادىر.

ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانا بالىلىرىدىن ھېچقاچان ماددىي بايلىق تەلەپ قىلمايدۇ، پەقەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بەختلىك ئۆتۈشىنى، قېرىغاندا، پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىغان، كۆزلىرى خىرەلەشكەندە يۈرەك پارىلىرىنىڭ يانلىرىدا تىنچ - ئامان بولۇپ، خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، بۇنى ئۇلار ھېچقانداق مال - دۇنياغا تەڭ قىلمايدۇ. ئەپسۇس، نىساخان موماي قېرىغاندا، ماددىي بايلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خەستە كۆڭلىگە تەسەللىي بەرگۈچى پەرزەنت مېھرىگە ئېرىشەلمەي، بۇ رەھىمسىز دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىپ قالدى.

2. قەيسەر ئوبرازى

ئاتا - ئانا ئۇلۇغ زاتلاردۇر. شۇڭا، ھەرقانداق بىر پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ھۆرمەتلەش، قېرىغاندا ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن، ئەسەردىكى قەيسەر ھوقۇق، نام - ئابرويغا بېرىلىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھرادا خىزمەت قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ھەتتا، باي ھوقۇقدارنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۆزىنى تۇغۇپ، چوڭ قىلغان مېھرىبان ئانىسىنى تويغا چاقىرالمايدۇ (چۈنكى، قېيىنئانىسى مومايىنى جۇلدۇر كېپەن، بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس دەپ ياراتمايتتى)، ئانىسىنىڭ تۇرقىدىن نومۇس قىلىدۇ، خوتۇنىغا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئانىسىنى بىنا ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ سەھرادىن «ئازات» قىلسىلا، ئانىسى خۇشھال - خۇرام ياشايدۇ. بىراق، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كىرپىك قاقمىغىنىنى، ئۇنىڭ غېمىنى قانچىلىك يەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق ھوقۇقپەرەس، نام - ئابرويغا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەقىلسىز ئوغۇل. ئوغۇل ئەسلىدە ئەل - يۇرتنىڭ، ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىدى، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ھېماتچىسى، قوغدىغۇچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىر ئۆيدە ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچسا ھەممىنىڭ بېشى كۆككە تاقىشىدۇ. شۇڭا ئۇ غورۇرلۇق، دىيانەتلىك بولۇشى، توي قىلىپ بىر ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ئايالى، بالىلىرىغا، ئائىلىگە مەسئۇل بولۇشى،

ئاتا - ئانىسىنى تاشلىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، قەيسەر ئۇنداق قىلالمىدى. گەرچە، ئۇ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئانىسىغا ياخشى قارىيالمىغانلىقىغا، ئۇنى يالغۇز تاشلىۋەتكىنىگە ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، ئانىسى ئاللىقاچان يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشقان تۇرسا، ئەمدى هەر قانچە ۋىجدان ئازابى تارتقان بىلەن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولاتتىمۇ؟!

ئاتا - ئانا مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەس، ئۇلار هايات ۋاقتىدا خىزمىتىنى ياخشى قىلساق، تەلەپلىرىنى بەجاندىل ئورۇنداپ كۆڭلىگە ئازار بەرمىسەك ئۇلار بىزگە رەهمەت ئوقۇيدۇ، بىزدىن خۇشھال بولىدۇ. شۇ چاغدا بىزمۇ ئەل - يۇرت ئالدىدا بېشىمىزنى تىك كۆتۈرۈپ ماڭالايمىز، پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالايمىز. خەلقىمىزمۇ «ئاتا - ئانا رازى خۇدا رازى» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

3.گۆهەر ئوبرازى

كېلىن ئادەتتە ئىككى ئۆيگە تەۋە بولۇپ، ئىككى ئۆينى باغلاش يەنى ئىككى قۇدىنى يېقىنلاشتۇرۇشتا تۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. كېلىن بولغۇچى ئېرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشى، ئۇلارنىمۇ ئۆز ئاتا - ئانا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىدەك كۆرۈپ، كېلىنلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ياخشى ئادا قىلىپ ئۇلارنى رازى قىلىشى كېرەك. هەرگىزمۇ ئوغۇل بىلەن ئانىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش قەستىدە بولماسلىقى كېرەك. ياخشى كېلىن ئائىلىنىڭ، ئەرنىڭ بەخت - تەلىيى، بىر ئۆيدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈش ياكى ئۆتەلمەسلىكى كېلىنگە باغلىق. شۇڭا كېلىن كەڭ قورساق، ئەپۇچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىشچان بولۇشى، ئۆزىنىڭ سۆز - هەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرىغا ئۈلگە بولۇشى، قېيىنئانىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشى كېرەك.

ئەسەردىكى مومايىنى بىر قېتىممۇ «ئانا» دەپ چاقىرىپ باقمىغان، موماي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئاققۇزالمىغان، هاكاۋۇر، ئابرويپەرەس، چاكىنا، مەنمەنچى كېلىن گۆهەر مومايىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، كېلىنلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش تۇگۇل، ئاجايىپ پەرىشتە سۈپەت ئاقكۆڭۈل مومايىنى سەهرالىق كۆرۈپ ياراتمايدۇ، قەدرىگە يەتمەيدۇ، ئۇنى كۆرەر كۆزى يوق. ئۇنىڭغا ئېرى، بالىسى بولسىلا بولدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مومايدەك بىر غېرىپ «يېتىمنىڭ» بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلىقى ئاللىقاچان، يەنە كېلىپ، پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئېرىنىڭمۇ مومايىنىڭ يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇ بالىسىنى پەپىلەپ باققاندەك بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى ئويلايدىغان كاللىسى يوق. ئەسلىدە، ئۆزىمۇ بىر ئانا بولغاندىكىن مومايىنىڭ كۆڭلىنى، ئانىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ چۈشەنمەيدۇ، مومايىنى ئەزەلدىن يوقلىمايدۇ. بۇنىڭغا خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىنى باهانە قىلىشى مۇمكىن. توغرا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ زىممىسىگە ئائىلە، خىزمەتتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك يۈكلەندى. ئۇلار جەمئىيەتتە ئەرلىرى بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلسا، ئائىلىدە ئانىلىق، ئاياللىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەيدۇ.

لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن چوڭلارنى تاشلىۋېتىش توغرا ئەمەس-تە!؟

بالىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىغا بالا چوڭ بولغان ئائىلىۋىي مۇھىت چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى دىئالوگلارغا قاراپ باقايلى:

«-دادا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟-دەپ سورىدى بالا چۈچۈك تىللىرى بىلەن.

-ھە...

-نەرىڭ ئاغرىيدۇ، دادا؟

-يۈرىكىم، ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ بالام...

-نېمىشقا ئاغرىيدۇ يۈرىكىڭ، دادا؟

-چوڭ ئاپاڭ تۈگەپ كەتتى، بالام... مەن چوڭ ئاناڭنى سېنى باققانچىلىكمۇ باقالمىدىم.

-يالغان دەيسەن! چوڭ ئانام تېخى ئەتىگەندىلا كەلدى. بۈگۈن چوڭ ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ھېلى بارىمىز، شۇنداققۇ ئاپا، ھە؟

-ئۇ لەپپىدە ئايالىغا قارىدى، ئايالى بۇ قارىشىدىن گۇناھلىق بىر ئىشنى سېزىلىپ قالغاندەك ئىتتىكلا ئوغلىنى قولىغا ئالدى.

-داداڭنى تاماق يېگىلى قويغىن، قوزام،-دېدى ئۇ ئەتەي گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ.

-دادام چوڭ ئانامنى ئۆلۈپ كەتتى دەۋاتسا،-بالا يىغلاشقا باشلىدى.

-راست... لېكىن ئۇ چوڭ ئاناش يېزىدا تۇرىدىغان چوڭ ئاناش... داداشنىڭ ئانىسى...

-ھە... ھېلىقى ھەلەق ئۆيى بار خوتۇنما؟» ③

مانا قاراڭ، بەش ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلىرىگە، ئەگەر گۆھەرمۇ موماينى ئاشۇنداق «ھەلەق خوتۇن» دەپ يۈرمىسە، كىچىككىنە بالا نەدىن بىلەتتى؟ شۇڭا، ئانا بولغۇچى پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇنداق ئانىلار تەربىيەلىگەن بالىلار كېيىن جەمئىيەتتە داشقال، يۈك بولىدۇ. ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ قانىتى، ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدا خوتۇنى چوڭ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ياخشى خوتۇن ئەركىشىگە دىلكەش، ھەمراھ، مەدەت بولىدۇ. ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى ئۆيىدىن سۇ ئىچكەندىلا ئاندىن ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، كېلىنلەر ئۆزىنىڭ كېلىنلىك، ئانىلىق بۇرچىنى ھەرۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئەڭ مۇھىمى «بۈگۈن ئاتا - ئاناڭغا نېمە قىلساڭ، ئەتىسى بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

4. گۆھەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوبرازى

«ئەگەر بۇ سەھرالىققا تېگىمەن دەيدىكەنسەن، ئۇ تايىنلىقلا ‹يېتىم› سۈپىتىدە ئائىلىمىزگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرىدۇ. توي چىقىمى، كېيىنكى خىزمەت ئىشلىرى... ھەممىسىدە بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساپ. ئانىسىغا كەلسەك، ئۇمۇ ئانىسىنى تاشلىۋەتمىسۇن، پۇل - پۈچەك بېرىپ تۇرسۇن. بىراق، سېنى ياكى بىزنى ئانىسىغا ئارىلاشتۇرمىسۇن. توي بولغان كۈنى موماي كۆزىمىزگە كۆرۈنمىسۇن، مەن كۈيئوغلۇم قارا يېتىمكەن دەپلا جاكارلايمەن. ئۇ ئايالنىڭ پۇل - بىساتى تۇرماق، ياساپ قويسا تۇرۇپ بەرگۇدەك ياغاچچىلىكمۇ سۆلىتى يوقكەن» ④.

قاراڭ، شۇمۇ بىر ئانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ؟ نېمىدېگەن چاكىنىلىق-ھە!؟ قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر ئانا ئەمەسمۇ؟! كونىلاردا «سەندە

تۇرماس بۇ دۆلەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دەيدىغان گەپ بار. ئۇلارنى يوغىنىتىۋەتكەن شۇ پۇل ـ مال، نام ـ ئەمەلگۇ ئاخىر. ئۇلارمۇ شۇلاردىن ئايرىلىپ باقسۇن قانداق بولىدىكىن، مەڭگۇ غادىيىپ ياشىيالامدىكىن؟ ئىنسانغا مەڭگۈلۈك باقىۋەندە بولىدىغىنى پۇل ـ مال، نام ـ ئەمەل ئەمەس، بەلكى، ياخشى نام، ئېسىل خىسلەت. پۇل ـ مال دېگەن خۇددى نازىنىن قىزلارغا ئوخشاش، بۈگۈنى سېنىڭ قولۇڭدا تۇرسا، ئەتىسى ئۇنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن پەقەت بىر مەھەل ئىللىقلىق ھېس قىلىسەن، خالاس. ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمگە ھەرگىز ياخشى قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئوڭايلا ئەلنىڭ، يۇرت ـ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۈچۈن يۇرت ـ جامائەت نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئېغىر ئىش يوق. قارايدىغان بولساق، گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تولىمۇ شۆھرەتپەرەس، پۇل، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن، چاكىنا ئادەملەر. ئۇلار ھەتتا دادىسى قازا تاپقاندا ئاتايەن يىراق سەھرادىن يول ئازابى تارتىپ كەلگەن قۇدىسىدىن مېھمانلىرى ئارىسىدا نومۇس قىلىپ بىر چىنە سوغۇق سۇمۇ بەرمەي، ئۇزاپ ماڭغاندا خوشمۇ دېمەي يولغا سالىدۇ. قۇدىسى قازا قىلغاندا نامازغا چىقىپمۇ قويمايدۇ. ھېيت ـ بايراملاردا ئۆزئارا ھېيتلىششتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بۇ «جۇلدۇر كېپەن» قۇدىسىنى پەقەت ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا كۆرگەن.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۆزىمىزنىڭ ھەرخىل ئېسىل مىللىي ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىمىز بىلەن ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان خەلق ئىدۇق. لېكىن، شۆھرەتپەرەسلىك، مال ـ دۇنيا جىنى قاچانلاردا چاپلاشتى، شۇلارغىلا دۈم چۈشتۇق. ئۆزىمىزنى ئۇنۇتتۇق. شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېگىز بىنا ئۆيلەرگە چىقىۋېلىپ، قوشنىدارچىلىقنى ئۇنۇتتۇق. ھېيت ـ بايراملىرىمىزمۇ بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى گۆھەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەمەسمۇ؟! ئۆز قۇدىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بارمىغان ئادەم كىمنىڭ ئۆلۈمىگە بارماقچى؟! ئۆز قۇدىسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ، ئۇلۇغ ھېيت ـ ئايەملەردە يوقلىشىپ ئۆتمىگەن ئادەم كىم بىلەن ئېزدىشىپ ئۆتمەكچى؟! بەلكىم، ئۆزىدىن چوڭ ھوقۇقدارلارغا خۇشامەت قىلىپ، شۇلارنى ئىزدەپ ئۆتەر. لېكىن، بۇنداق مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان «ئادىمگەرچىلىك» بىزگە، بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە يات بىر چاكىنىلىق.

ئومۇمەن، نۇرگۈل ئەبەي بۇ پوۋېستتا يۇقىرىقىدەك ئوخشاش بىر دەۋردە، لېكىن ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋاپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالىيجاناپلىق ۋە چاكىنىلىقلارنى روشەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، قېيىنئانا ۋە كېلىن مۇناسىۋىتى، كېلىنلەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى، پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى قەرز ھەم پەرزلىرى، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ئېچىپ بەرگەن. كىشىلەرنى گۆھەر ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىبرەت ئېلىشقا، پۇل ـ مال، نام ـ ئەمەلنىڭ كەينىگە كىرمەي، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇپ ھەقىقىي ئىنساندەك

ياشاشقا، بىر - بىرىگە مۇھەببەت يەتكۈزۈشكە، پەرزەنتلەرنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، يولىغا تەلمۈرۈپ، غېرىپ بولۇپ ئولتۇرغان مىسكىنلەرنى سىغىندۇرماي، پات - پات يوقلاپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىشكە، پەرزەنت ئىشقىدا چاك بولغان يۈرىكىگە مەلھەم بولۇشقا ئۈندىگەن.

ئىزاھاتلار:

①③④ نۇرگۈل ئەبەي: «كونا ئۆي»، «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى، 2011- يىللىق 1 - سان، 20 -، 22 -، 23 - بەتلەر

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر: تۇنساگۈل مەھمۇد




# ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىن

1

قرا كوزوم كيلُ مردملوق ايمدى فن قيلغيل
كوزوم قراسيدا مردم كبى وطن قيلغيل

قارا كۆزۈم كەلۇ مەردۇملۇق ئەمدى فەن قىلغىل
كۆزۈم قاراسىدا مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل

يوزونک كليكا كونكول روضەسين ياسا كلشن
قدينک نهاليغه جان كلشنين جمن قيلغيل

يۈزۈڭ گۈلىگە كۆكۈل رەۋزەسىن ياسا گۈلشەن
قەدىڭ نىھالىغا جان گۈلشەنىن چەمەن قىلغىل

تكاورينكغه باغير قانيدين حنا باغلا
ايتينككا غمزده جان رشتهسين رسن قيلغيل

تەكاۋەرىڭغە باغىر قانىدىن ھىنا باغلا
ئىتىڭگە غەمزەدە جان رىشتەسىن رەسەن قىلغىل

فراق تاغيدا تاپيلسا توفراغيم اى جرخ
خمير ايتيب ينه اول تاغدا كوهكن قيلغيل

فىراق تاغىدا تاپىلسا تۇفراغىم ئەي چەرخ
خەمىر ئېتىپ يانا ئۇل تاغدا كۇھكەن قىلغىل

يوزونك وصاليغه ييتسون ديسانك كونكوللارنى
ساچينكنى باشتين آياق جين ايله شكن قيلغيل

يۈزۈڭ ۋىسالىغا يەتسۇن دېسەڭ كۆڭۈللەرنى
ساچىڭنى باشتىن ئاياق چىن ئىلە شىكەن قىلغىل

خزان سپاهيغه اى باغبان ايماس مانع
بو باغ تاميدا كر ايكنه‌دين تيكن قيلغيل

خەزان سىپاھىغا ئەي باغبان ئېمەس مانىئ
بۇ باغ تامىدا گەر ئىگنەدىن تىكەن قىلغىل

يوزيدا تيرنى كوروب اولسام اى رفيق مينى
كلاب ايله يوٌ كل بركيدين كفن قيلغيل

يۈزىدە تەرنى كۆرۈپ ئۆلسەم ئەي رەفىق مېنى
گۇلاب ئىلە يۇۋۇ گۇل بەرگىدىن كەفەن قىلغىل

نوايى انجمن شوق جان آرا توزسانك
آنينك باشاغليغ اوقين شمع انجمن قيلغيل

نەۋايى ئەنجۇمەنى شەۋق جان ئارا تۈزسەڭ
ئانىڭ باشاغلىغ ئوقىن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل

2

آنجه‌کیم شیرین و لیلیدین سینینک حسنونک فزون
میندا هم فرهاد و مجنوندین فزون عشق و جنون

ئانچاكىم شىرىنۇ لەيلىدىن سىنىڭ ھۇسنۇڭ فۇزۇن
مەندە ھەم فەرھادۇ مەجنۇندىن فۇزۇن ئىشقۇ جۇنۇن

غم ایماس جون خاک راهیدین تاپارمین جان ایسی
کرچه مهلک غم یوکی قدّیمنی ایلابتور نکون

غەم ئېمەس چۇن خاكى راھىدىن تاپارمەن جان ئىسى
گەرچە مۇھلىك غەم يۈكى قەددىمنى ئەيلەپتۇر نىگۇن

زلفونک آلیدا فسونکر کوزلارینک هر کوشه‌دین
کوبی اول مشکین یلان قیدیغه ایلارلار فسون

زۇلفۇڭ ئاللىدا فۇسۇنگەر كۆزلەرىڭ ھەر گۇشەدىن
گۇيى ئول مۇشكىن يىلان قەيدىغە ئەيلەرلەر فۇسۇن

یاغدوروب ناوک بوزوق کونکلوم عمارت ایلادینک
کوییا پل پوش ایتیب قویدونک آنکا هر یان ستون

ياغدۇرۇپ ناۋەك بۇزۇق كۆڭلۈم ئىمارەت ئەيلەدىڭ
گۇيىيا پىل پۇش ئېتىپ قويدۇڭ ئاڭا ھەر يان سۇتۇن

لبلارینک هجریدا کریان کوزلاریمنینک قانلاری
قطرهٔ کر تامسه بیر دریانی ایلار لعلکون

لەبلەرىڭ ھەجرىدە گىريان كۆزلەرىمنىڭ قانلارى
قەترەيى گەر تامسا بىر دەريانى ئەيلەر لەئلگۇن

وصل ایّامیدا خوش توت ذرّه‌لارنی ای قویاش
کیم بو کونلارنی بغایت قیسقه ایلار جرخ دون

ۋەسل ئەييامىدا خۇش تۇت زەررەلەرنى ئەي قۇياش
كىم بۇ كۈنلەرنى بەغايەت قىسقا ئەيلەر چەرخى دۇن

باشیم اوزره فرقتینک تاشینی کورسانک دیکاسین
نقطه ظاهر ایلامیش کویا نوایی اوزره نون

باشىم ئۈزرە فۇرقەتىنىڭ تاشىنى كۆرسەڭ دېگەسەن
نۇقتە زاھىر ئەيلەمىش گويا نەۋايى ئۈزرە نۇن

3

عارضینکنی باغ آرا جون کوردی حیران بولدی کل
برکسیز قالدی نیدینکیم بس پریشان بولدی کل

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى ھەيران بولدى گۇل
بەرگسىز قالدى نېدىنكىم بەس پەرىشان بولدى گۇل

بادەدین کل کل کوروب اول یوزنی آتینک هجریدین
چاک چاک اولغان کونکولدیک تەبتە قان بولدی کل

بادەدىن گۇل گۇل كۆرۈپ ئول يۈزنى ئانىڭ ھەجرىدىن
چاك چاك ئولغان كۆڭۈلدەك تەھ بەتەھ قان بولدى گۇل

کلعذاریم کشور حسن ایچره بولدی پادشاه
راست آنداقکیم جمن ملکیدا سلطان بولدی کل

گۇلئۇزارىم كىشۋەرى ھۆسن ئىچرە بولدى پادشاھ
راست ئانداقكىم چەمەن مۇلكىدە سۇلتان بولدى گۇل

سیر باغ ایلاردا دوران چشم زخمی دفعیغه
هر طرفدین جابکوم دوریدا قلقان بولدی کل

سەيرى باغ ئەيلەردە دەۋران چەشمى زەخمى دەفئىغە
هەر تەرەفدىن چابۇكۇم دەۋرىدە قالقان بولدى گۇل

لعلی کامیمدور قاشیمغه کیلسا اول کل خرمنی
می تیلار کونکلوم جو بزمیدا فراوان بولدی کل

لەئلى كامىمدۇر قاشىمغا كەلسە ئول گۇل خىرمەنى
مەي تىلەر كۆڭلۈم چۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۇل

کیجه کوندوز قیلما کل بانکینکنی بس ای عندلیب
کیم سنکا بیش کون بو کلشن ایجره مهمان بولدی کل

كېچە كۈندۈز قىلما گۇلباڭىڭنى بەس ئەي ئەندەلىب
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۇلشەن ئىچرە مېهمان بولدى گۇل

کل جاغی یاری سفر ایلاب نوایی جانیغه
هر بیری بیر تازه قانلیغ داغ هجران بولدی کل

گۇل چاغى يارى سەفەر ئەيلەپ نەۋايى جانىغا
هەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى هىجران بولدى گۇل

4

کر بهار ایل تابسه بستاندین کل و ریحان ایسی
کیلور اول ریحان بیله کلدین منکا هجران ایسی

گەر بەهار ئەل تاپسا بوستاندىن گۇلۇ رەيهان ئىسى
كېلۇر ئول رەيهان بىلە گۇلدىن ماڭا هىجران ئىسى

مینکه بیر کلدین جهان باغیدا بویی تابمادیم
نیلایین قیلسا مُعطّر دهرنی بستان ایسی

مەنكى بىر گۇلدىن جەھان باغىدا بۇيى تاپمادىم
نەيلەيىن قىلسا مۇئەتتەر دەھرنى بوستان ئىسى

لعلی هجریدا نهان اشکیم سوزین اغیار آرا
دیسا بولماسکیم کیلور اول نوع سوزدین قان ایسی

لەئلى ھەجرىدە نىھان ئەشكىم سۆزىن ئەغيار ئارا
دېسە بولماسكىم كېلۇر ئول نەۋئ سۆزدىن قان ئىسى

قایداکیم جانبخش لعلیدین مسیح آسا کلام
سوردی اول ییردین کیلور یوز قرندین سونک جان ایسی

قايداكىم جانبەخش لەئلىدىن مەسىھ ئاسا كەلام
سۇردى ئول يەردىن كېلۇر يۈز قەرندىن سوڭ جان ئىسى

جان ایسی توتّی جهاننی مین بارورمین کوییکا
کیم تیلار ایل جان ایسی مین ایستارام جانان ایسی

جان ئىسى تۇتتى جەھاننى مەن بارۇرمەن كۇيىگە
كىم تىلەر ئەل جان ئىسى مەن ئىستەرەم جانان ئىسى

ای کدا عالم ایلیکا شئ للّه دیماکیم
بو جمندین کیلمادی هرکز کل احسان ایسی

ئەي گەدا ئالەم ئىلىگە شەيئەلىللەھ دېمەكىم
بۇ چەمەندىن كەلمەدى ھەرگىز گۇلى ئىھسان ئىسى

جون نواییغه کیلور هجران ایسی هردم نی سود
کر بهار ایل تابسه بستاندین کل و ریحان ایسی

چۇن نەۋايىغا كېلۇر ھىجران ئىسى ھەر دەم نە سۇد
گەر بەھار ئەل تاپسا بوستاندىن گۇلۇ رەيھان ئىسى

ئىزاھات:

مەردۇملۇق ـ ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىيلىق

مەردۇم ـ 1) ئادەم؛ 2) كۆز قارىچۇقى.

فەن ـ ئىلىم، ھۈنەر، سەنئەت، كەسىپ.

رەۋزە ـ 1) باغ؛ 2) جەننەت

نىھال ـ 1) كۆچەت، نوتا؛ 2) ياشلىق

تەكاۋەر ـ ئات

ھىنا ـ خېنە

غەمزە ـ غەمكىن، قايغۇلۇق

رەسەن ـ ئارقان، ئارغامچا

خەمىر ـ 1) خېمىر؛ 2) خېمىرغا ئوخشاش، يۇمشاق

كوھكەن ـ 1) تاغ قازغۇچى؛ 2) غالىب

چىن ـ 1) پۈرمەك؛ 2) چىڭگىلەك

شىكەن ـ پۈكۈكلۈك، بۇرۇلۇش

سىپاھ ـ چېرىك، ئەسكەر

مانىئ ـ توسقۇچى، مەنئىي قىلغۇچى

جۇنۇن ـ ساراڭلىق

خاكى راھ ـ يولنىڭ توپىسى

مۇھلىك ـ ھالاكەتلىك

نىگۇن ـ ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن

فۇسۇنگەر ـ جەلپكار

گۇشە ـ بۇرجەك

مۇشكىن ـ 1) خۇشبۇي؛ 2) قارا

قەيد ـ 1) كىشەن؛ 2) باغلانغان، كىشەنلەنگەن

فۇسۇن ـ سېھر، جادۇ

سۇتۇن ـ ئۈستۈن

گىريان ـ يىغلاپ تۇرغان

لەئلگۇن ـ قىپقىزىل قانغا بويالغان

نۇقتە ـ چېكىت

تەھ بەتەھ ـ قاتمۇقات

كىشۋەرى ھۇسن ـ گۈزەللىك مەملىكىتى

دەفئ ـ قايتۇرۇش، يوقىتىش

چابۇك ـ شوخ، چاققان

گۇلباڭ ـ 1) پەرياد چېكىش؛ 2) يېقىملىق سايراش

ئەندەلىب ـ بۇلبۇل

مۇئەتتەر ـ خۇشپۇراق

دەھر ـ دۇنيا، زامان

ئەغيار ـ دۈشمەن

لەئل ـ قىزىل رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش، كۆچمە مەنىدە لەۋ.

نەۋئ ـ خىل

مەسىھ ئاسا ـ ئەيسا پەيغەمبەردەك

قەرن ـ ئەسىر

شەيئەلىللەھ ـ ئاللاھنىڭ نەرسىسى

سۇد ـ پايدا

«خەزاينۇل مەئانى» دىن تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

# نەۋايى شېئىرىيىتىدە فەنا تەلقىنلىرى

ئىبراھىم ھەققۇل ( ئۆزبېكستان )

زۇلفىيە ئىسمايىل تەرجىمىسى

بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھەقىقەت قانچە يارقىن ۋە رەڭدار تەسۋىرلىنىپ، ماھىيەت نەقەدەر گۈزەل مەنزىرىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېھتىيات ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن قاراش كېرەك. ئەكس ھالدا ئەڭ ئالىي ھەقىقەت ياكى پەۋقۇلاددە تىرەن ماھىيەتنى ئەڭ ئاددىي ۋە ئومۇمىي بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قىلىشى مۇقەررەر. دىت، سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى ئىلىم - پەن ئۈچۈن ساختىلىق ۋە زورمۇ زورلۇقتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇنى ئويلىيالايدىغان ۋە شۇنىڭغا تەن بېرەلەيدىغانلار ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ناھايىتى كەمچىل. بىر پەيتلەر مەشھۇر ئەدىبلەردىن بىرى: «مەن بۇ يېقىن ئارىدا نېمىنى چۈشەنمەسلىكى ۋە نېمە قولىدىن كەلمەسلىكىنى مەردانە تەن ئالغان بىرەر ئالىمنىڭ ماقالىسىنى ئۇچراتقىنىم يوق» دېگەن ئىدى. خۇسۇسەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى شۇ خۇسۇستا ئويلىشى لازىم. چۈنكى چۈشەنمەسلىك خەۋپى بىلەن بەدىئىي تېكىستلەرنىڭ سىر ئەسرارىغا تولۇق يېتىپ بارالماسلىق ھەممىدىن كۆرە ئۇنى كۆپرەك قىينايدۇ ۋە تەقىب قىلىدۇ. ئومۇمەن كىلاسسىك ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ۋە توغرا تەلقىن قىلىش دائىم ئۆزىگە خاس قىيىنچىلىق، مۇئەمما ۋە مۇنازىرىلەرنى تۇغدۇرۇپ كەلگەن. بۇ جەھەتتىن تەسەۋۋۇپىي ئىجاد نەمۇنىلىرى تەتقىقاتىدا ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن.

سوپىيانە شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى، مەخسۇس ئۇسلۇبى، غايىۋىي، بەدىئىي چۈشەنچىسى ۋە بۇنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن تەسىرچان تەسۋىر ئۇسۇللىرى، ياخشى شەكىللەنگەن مەجاز ۋە رەمزلەر (كىنايە) تىزىمى مەۋجۇت بولغان. بۇنى «ئىلمى رۇسۇم ئەھلى» ، يەنى كەشپ، ھال ۋە ئىلھام سىرلىرى مۇلاھىزىلەردىن مەھرۇم، پەقەت زاھىرىي ھەقىقەت ۋە دەلىللەرگە سۆيۈنۈپ ئىش يۈرگۈزىدىغان ئالىملار چۈشىنىشنى خالاشمىغان. نەتىجىدە پەقەت مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارلا ئەمەس، ئىرفانىي شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىنمۇ كەسكىن تەنقىدىي پىكىرلەر بىلدۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئىبنى ئەرەبىي ھەققىي ئىشق، ھال ۋە مەرىپەت زوقىنى ئىدراك قىلىشقا ئاجىز ئالىملار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يالغۇز ئۆز بىلگەنلىرىگە ئۇيغۇن بولغاننى قوبۇل قىلىپ، بۇ توغرا دەپ تەستىق قىلىدۇ. ئۆز نۇقتىينەزىرى ۋە ئىلىملىرىگە مۇۋاپىق كەلمىگىنىنى بولسا رەت قىلىپ ئىنكار قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىنكارچىلار كەلتۈرگەن دەلىللەرنىڭ ھەممىسى مۇستەھكەم ئەمەس. بىراق شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار شەخسىي

پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل دېيىشتىن ھەرگىز چېكىنمەيدۇ»①.

ئىبنى ئەرەبىي «تەرجىمانۇلئەشۋاق» (ئارزۇلار تەرجىمانى) ناملىق رىسالىسىدىكى رەمز ۋە مەجازلارنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىق ۋە چەلگەشلىكلەر بولۇشىنى ھېسابقا ئېلىپ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىكى شېئىرلار مەزمۇنىنى تولا رەۋىشتە مەجازىي ئىشققا باغلىماسلىقلىرى ئۈچۈن ئۇشبۇ كىتابىغا ئۆزى مەخسۇس شەرھمۇ يازغان.

«بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ـ دەيدۇ ئىبنى ئەرەبىي، ـ خاھ مەھبۇبقا ئالاقىدار ھەسبى ھال بىلەن باشلانسۇن، خاھ بىر مەدھىيە بولسۇن ۋە خاھ ئايال جەمالى سۈپەتلىرىدىن سۆز يۈرگۈزۈلسۇن، خاھ ئاسمان، يەر، ئاي، قۇياش، يۇلتۇز نامىلىرى بىلەن تولغان بولسۇن، بۇلارنىڭ زەمىرىدىكى ئاساسىي ماھىيەت ـ مەئارىفىي ئىلاھىيدۇر. يەنى بىز بىر نەرسىنى كىنايە قىلىمىز، سىرلىقلاشتۇرىمىز، ئەمما بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتقىنىمىز باشقا نەرسىدۇر».

شېئىرشۇناس ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىكى خۇددى شۇ «باشقا نەرسە»نى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى ھەققانىي يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشتۇر. مەيلى بىز خالايلى ـ خالىمايلى بىر جەھەتتىن جىددىي ئويلىشىمىز ۋە تەن ئېلىشىمىز كېرەك: شورا (سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى) زامانىدىن ئېتىبارەن كىلاسسىك شېئىرىيەتكە بىر تەرەپلىمە ئېنىقراقى خېلىلا ناتوغرا قاراش جارى قىلىنغان ۋە شېئىرنى چۈشىنىش، تەلقىن ـ تەھلىل قىلىش يىلىدىن ـ يىلىغا باش ماھىيەت، روھانىيەت، باتىنىي جازىبىدىن ئاجرىلىپ، يۈزەكىلىشىپ بارغان. ئىستىداتى، دۇنيا قارىشى، شەخسىي پەزىلەتلىرى ۋە ماھىيىتى ئۆز ئارا پەرقلىنىدىغان شائىرلار ھەققىدىمۇ ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دېيەرلىك بىر خىلدا سۆزلىشى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساسەن بىر خىل ئۇسۇل ۋە قېلىپتا تەئرىف ـ تەسۋىپ قىلىشلىرىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. 20 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئۆزبېك شائىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشەنگەندە ئەرەب ياكى پارسىي تىلدا يارىتىلغان ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئەلۋەتتە زۆرۈرىيەت يوق. ئەمما كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەرەب، بولۇپمۇ پارس ـ تاجىك ئىجادكارلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ۋە ئىجادىي ئالاقە تامامەن ئۆزگىچە شەكىللەنگەن.

«تۈركىي تىلدا بىر مىللىي ئەدەبىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ـ دېگەنىدى مەشھۇر تارىخچى ئالىم زەكىي ۋەلىدى توغان، ـ بۇ ئىران كىلاسسىكلىرىنىڭ شاھ ئەسەرلىرى تىپىدا تۈركچە ئەسەرلەر يارىتىش شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. خۇددى شۇنداق ئەسەرلەر يېزىلدى دېيىلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ مىللىي پائالىيەتنىڭ مەركىزىي شەخسىيىتى ئەلىشىر نەۋايى ئىدى»②.

ئەلۋەتتە ئەلىشىر نەۋايى مىللىي روھ ۋە مىللىي غايىلەر شائىرى ۋە ئۇ ئەڭ ئاۋۋال تۈركىي تىلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، تۈركىي خەلقلەر تارىخىي، دىنىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە تەپەككۇر ئىمكانىيەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ ئۆزىنىڭ شاھ ئەسەرلىرىنى ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىشىر نەۋايى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەركىزىي شەخسىيىتى ۋە جاھان شېئىرىيىتى تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان بىنەزىر سەنئەتكار ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن.

زەكىي ۋەلىدى توغان مەسىلىنىڭ خۇددى شۇ جەھەتلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا نەۋايى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان باشقا بىر مەخسۇس

ماقالىسىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان پارس - تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يۈكسەك پىكىرلەرنى تۈركىي تىلدا يېڭىدىن ياراتقاندا، ئۇلارنى ئاشۇ پارسىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادە ئۇسۇللىرى، ئىستىئارە ۋە مەجازلار بىلەن ئىپادىلىگەنىدى...».

ئالىمنىڭ ئىتراپىغا كۆرە نەۋايى ئەسەرلىرىنى ھەققانىي تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال پارس - تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نازۇكلىقلىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ۋاقىپ بولۇش زۆرۈر. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك، خۇسۇسەن شەرقىي تۈرك تىلى، ئېتنوگرافىيەسى ۋە تارىخىنى نىھايەتتە پۇختا بىلىش شەرتتۇر. بىراق ئەنە شۇ شەرتلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان تەتقىقاتچىلار تېخىچە يېتىشىپ چىققىنى يوق.

بۇ گەپلەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا يېزىلغان. خوش، شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە توغان قەيت قىلغان شەرت ۋە تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىشكە قادىر نەۋايىشۇناسلار مەيدانغا چىقتىمۇ؟ بۇ سوئالغا «ياق» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش ئېنىقكى نادانلىق، بولۇپمۇ ئىنساپسىزلىق سانىلىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ تەن ئېلىش كېرەككى، ھەم پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنى ياخشى بىلىپ، ھەم تارىخ، دىن، تەسەۋۋۇپ ۋە تۈركىي تىلدا يارىتىلغان ئىجاد نەمۇنىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، نەۋايى ئەدەبىي - ئىلمىي مىراسلىرى تەتقىقاتىغا ئۆمرىنى بېغىشلىغان ئالىملار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. كېيىنكى دەۋردىكى ئەھۋال بولسا يەنە باشقىچە. پارس تىلىنى بىلمەي نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ پارس - تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن ئىچكى ئالاقە ۋە غايىۋىي - بەدىئىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېتىباردىن ساقىت قىلىپمۇ نەۋايىشۇناس بولۇش مۇمكىن دېگەن تولىمۇ بىمەنە ۋە ئاجىز قاراشلارغا كۆنۈپ قېلىش ئەۋج ئالماقتا. ھالبۇكى، بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇ مەنادا ئوسمانلى تۈرك ئالىمى نىھاد تارلاننىڭ مانا بۇ پىكىرلەرگە ئېتىبارىنى قارىتىش مەقسەتكە مۇۋاپىق: «ئانادولىيەدە يېتىشكەن تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىق قىلىنسا، بۇ سەنئەتكارلار تەسەۋۋۇپنى پارس - تاجىك مۇتەسەۋۋىپلىرى قوللىغان رەمز، مەجاز ۋە تىمساللار بىلەن كۈيلىگىنىگە گۇۋاھ بولىمىز». دېمەك پارسىي ئەدەبىياتنىڭ دۇنياغا داڭلىق مۇتەسەۋۋىپلىرىدىن سەنايى، ئەتتار، رۇمىي، خوجەندىيلەر قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىي ئۇتۇقلاردىن چەتلەپ، تۈركىي تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇش بىمەنىلىكتۇر.

مەلۇمكى، كىلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنە - بىر ئومۇمىي ئەنئەنىدۇر. شەرق ۋە يېقىن شەرق زېمىنىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى شۇ ئەنئەنە ئاساسىدا راۋاجلانغان ۋە بىر - بىرىگە ئۇ ياكى بۇ تەرزدە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئايرىم تەتقىقاتچىلارمۇ ئۇسلۇب جەھەتتىن تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ رەمز ھەم مەجازلار بىلەن بېيىشىدا پارس تىلىنىڭ خېلىلا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان.

تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا زور ئورۇنغا ئىگە بولغان مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شائىرلار بولۇپ، تەسەۋۋۇپىي پىكىر - تۇيغۇلارنى ئاساسەن شېئىرىي شەكىللەردە ئىپادىلىگەن. بۇ ھادىسىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى مەشھۇر شەرقشۇناس يان رىپكا مانا مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «شۇ نەرسە شۈبھىسىز بىر ھەقىقەتكى، قەدىم پارس شائىرلىرىنىڭ بارچىسى تەسەۋۋۇپتىن سۈت ئېمىپ ۋايىغا

يەتكەن. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىدا ئەنە شۇ «سۆت» نىڭ تەسىرى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپنى بىلمەستىن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشىنىشنىڭ قەتئىي ئىلاجى يوق»③.

ئەينى شۇنداق گەپنى تەسەۋۋۇپ بىلەن تىرەن باغلانغان تۈركىي ئەدەبىيات ۋەكىللىرى، خۇسۇسەن ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدىمۇ ئېيتسا خاتا بولمايدۇ. توغرا، نەۋايى «تەسەۋۋۇپتىن سۈت ئەمگەن» شائىرلار قاتارىغا قوشۇلمايدۇ. ئەمما بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ مۇتەسەۋۋۇپلىقى ئېنىقكى ئىسلام تەسەۋۋۇپى. بەلكى ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ مەسلەك، مەفكۇرە ۋە دۇنيا قاراشلىرىدىكى ئاساسىي پەرقلەرنى يارقىن بىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بىزدە بولسا بۇنداق ھالەت تېخىچە شەكىللەنمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايى شېئىرلىرىدا «مەنا» دېگەندە نېمىنى نەزەردە تۇتقان، قانداق مەقسەتلەر ئۈچۈن مەنا سۆزىنى ئىشلەتكەن؟ ھەتتا ئەنە شۇلارمۇ ئىلمدا قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ھەل قىلىنغان دەپ بولمايدۇ. نەتىجىدە بۈيۈك شائىرنىڭ:

ئىستە يىرتۇق جەندە كىيگەنلەردە مەئنى مەخزەنىن
كىم بۇ ياڭلىغ گەنج ئولۇر ئۇل نەۋئ ۋەيرانلار ئارا

(ھېچكىممۇ ۋەيرانىلىقتا خەزىنە بولىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ، لېكىن مەنالار خەزىنىسىنى يىرتىق جەندە كىيگەنلەردىن ئىزدە.)

بۇنىڭغا ئوخشاش بېيتلار ھەققىدە ياكى ئومۇمىي، ياكى تەخمىنىي پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى بايان ئېتىشتىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ. ۋەھالەنكى بىرىنچى قېتىمدا مەنا - ماھىيەت سىرلىرىدىن زوقلىنىپ، «مەنالار خەزىنە» لىرىدە پىنھان ياتقان ھەقىقەتلەرنى ئاشكارا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ نەۋايىنىڭ سەنئەت دۇنياسىغا يول ئېچىش مۇمكىندۇر. مەنا دېيىلگەندە بىز ئادەتتە پىكىر، غايە، چۈشەنچە، مەزمۇن ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىمىز ۋە شۇلار ئاساسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. ئەھلى ئىرپان بولسا بۇلارنى بىر رۇئيا (غايىب نەرسىلەر) دەپ بىلىشكەن. ئۇلارغا كۆرە مەنا ئەڭ ئاۋۋال ۋۇجۇدقا ھايات بېغىشلىغۇچى روھ. مەنا يېڭىلىنىش - بۇ روھتىكى يېڭىلىنىش دېمەك. كەلابادىينىڭ يېزىشىچە: «روھ بەدەندىكى بىر مەنا ئېرۇر ۋە بەدەنگە ئوخشاش مەخلۇقتۇر». باشقا بىر تائىپە سوپىلار نۇقتىينەزەرى بويىچە ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى بىر ھالنىڭ بارلىققا كېلىشى مەنا دېيىلىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي:

يا ئىلاھىم روزى قىلسا مەئنا ئالغىل
مەئنا سوراپ ئالغان ھەقنى تاپتى دوستلار

(ئەي دوسلار، مەنا ئالغانلار ھەقنى تاپتى، ئاللاھ نىسىپ قىلسا مەنا ئېلىڭلار.)

دېگەندە خۇددى ئاشۇ ھالغا دىققەتنى تارتقان. ئەبۇ ناسىر سەرراج بولسا يوقلۇق ۋە بارلىق ئارىسىدىكى سىرنى مەناغا نىسبەت بېرىدۇ. خۇلاسە قىلغاندا مەنا كەلىمىسى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنلاپ مەزمۇن ۋە ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانكى، قەدىمدە بۇنى شېئىرشۇناسلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى شېئىرخانلارمۇ ياخشى بىلىشكەن.

نەۋايى تالانتلىق شائىرلارنىڭمۇ ئەڭ تالانتلىقى. نەۋايى پەقەت يېزىشتىلا ئەمەس، ۋەلىيلىك ھەم ئارىفلىقتا ئۆزگىلەرگە ئوخشىمايدۇ. سۇلتان ۋەلەدنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ دەپ ئويلايمىز: «ئەۋلىيانىڭ شېئىرى ئەڭ ئاۋۋال تەپسىرى قۇرئاندۇر. بولۇپمۇ ئەۋلىيا ئۆزلىرىدىن فەنا

(يوق) بولۇپ، ھەق بىلەن بەقا (ئەبەدىي) بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىكلىكلىرى ۋە پائالىيەت كۆرسىتىشلىرى ھەقدىندۇر. باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بولسا پىكىر ۋە خىيال مەھسۇلىدۇر. ئەۋلىيالارنىڭ شېئىرى شائىرلارنىڭ ئويلاپ تاپىدىغان يالغان، تەمە، مۇبالىغە بىلەن توقۇلغان شېئىرلىرىغا ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇلار ۋەلىي شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىدەك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بىلمەيدۇكى، ھەقىقەتتە ئەۋلىيانىڭ پىئىللىرى ۋە سۆزلىرى ياراتقۇچىدىندۇر»④.

خاندەمىرنىڭ نەۋايى ھەققىدە:

ئاز ئەقل تۇ ھەقائىقى تىبيان مۇبەيىينەست
ۋەز قەۋل تۇ دەقائىقى قۇرئان مۇفەسسىرەست

(سېنىڭ ئەقلىڭدىن ھەقىقەت ئاشكارىدۇر، سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن قۇرئاننىڭ ئىنچىكىلىكلىرى ئايان بولىدۇ)

دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلەرنى تەستىقلايدۇ.

ئەلۋەتتە نەۋايى ھېچقاچان ۋەلىيلىكنى دەۋا قىلمىغاندەك ھېچ ۋاقىت ئۆزى ۋە شېئىرلىرىنىڭ ئىلاھىي مەنىلىرى ھەققىدە توختالمىغان. ئەمما ئۇ ئۆزىدىن فەنا بولۇپ، ھەق بىلەن بەقالىققا ئېرىشىش ھالى، مەيل ۋە ئىزتىرابلىرىنى شېئىرلىرىدا پۈتۈن مۇرەككەپلىكى بىلەن تەلقىن قىلغان. بۇنىڭغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن نەۋايىنىڭ فەنا توغرىسىدىكى ۋە بىۋاستە فەنا چۈشەنچىسى بىلەن ئالاقىدار پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى تەتقىق ۋە تەلقىن ئېتىش يېتەرلىكدۇر. پەقەت بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى فەنانىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئورنى ۋە مەنالىرىنى چوڭقۇرراق بىلىشتىن باشلاش لازىم بولىدۇ.

فەنانىڭ تارىخى، ئەسلى ماھىيىتى ۋە ئىلمىي - نەزەرىيەۋىي تەلقىنلەرنى بىلىش تەسەۋۋۇپ سىر - ئەسرارىنى زۆرۈر دەرىجىدە چۈشىنىش بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ دېسە مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇ بولسا شەرق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا كىرىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. فەنا ۋە بەقا كەلىمىسى زاھىر ئىلمى ۋەكىللىرى ئارىسىدا بىر مەنىدە، تەسەۋۋۇپ ئەھلى تەرىپىدىن باشقا مەزمۇنلاردا قوللىنىلغان. جانلىق خەلق تىلىدا بۇ دۇنيادا نېمە ئۆتكۈنچى، نېمە بىباھا بولسا، ھەممىسى فەنا ۋە فەنالىققا نىسبەت بېرىلگەن.

ئەدەبىياتشۇناس ئالىملار، خۇسۇسەن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى فەنا مۇئەمماسىنى پەقەت ئەدەبىي ماتېرىياللار، يەنى بەدىئىي مەتىنگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماستىن تەخمىنىي پىكىر - مۇلاھىزە ۋە تەلقىنلەردىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلاردىن ئايرىملىرى ئېنىقسىز ئەدەبىيات، بەلكى تىرىكلىك ۋە ئىنسان مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. ئاخىر نەۋايى ئىجادىيىتىدە پەقەت ئىلاھىي - تەسەۋۋۇپىي تەلىمات ئاساس بولمىغىنىدەك، شېئىرنىڭ ئەدەبىي - بەدىئىي مىراسى ئەمەس، دىنىي - ئەخلاقىي پەلسەپىسى مۇھىم، دېگەن خۇلاسىنى بىز توغرا دېمەيمىزغۇ!؟ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئورنى مىزانى ۋە مۇۋازىنىتى بولىدۇ. بۇلار بۇزۇلسا ماھىيەت بۇزۇلىدۇ، ھەقىقەت زىيان تارتىدۇ. يەنە بىر مۇلاھىزە، جاھان ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى ئىمكان قەدەر چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىش كېرەك. لېكىن باشقا دۇنيا قاراش ۋە بەدىئىي مۇلاھىزىگە ئاساسلانغان ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمىي نەزەرىيەۋىي پىكىرلەرنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئېلىنغان

مىساللار بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، «يېڭىلىق» يارىتىشقا ئۇرۇنماسلىق لازىم. بۇلارمۇ ھەر تۈرلۈك ئىلمىي تەرمىنلەر بىلەن قانچىلىك كۆپتۈرۈلمىسۇن، بەرىبىر ئىستىقبالسىزلىق سېزىلىپ تۇرىدىغان بىر ئىلمىبازلىقدۇر. ئۇزاققا بارماستىن فەنانىڭ ئۆزىنى ئالايلۇق، بۇ مەسىلىنى خالىس ۋە ھەققانىي يارىتىش ئۈچۈن، بىرىنچى نۆۋەتتە شەرق ئالىملىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم. بۇ ئورۇندا جۇنەيد باغدادىينىڭ فەنا نەزەرىيەسىگە ئائىت رىسالىسى، كەلابادىينىڭ «تەئەررۇف»، قۇشەيرىنىڭ «رىسالەئى قۇشەيرى»، ھۇجۋىرىنىڭ «كەشفولمەھجۇب» ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئونلاپ كىتابلارنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ قەدىمىي مەنبەلەرنى تىلغا ئېلىشتىكى يەنە بىر مەقسەت، ئۇلاردىكى پىكىر ۋە تەلقىنلەر تونۇشماستىن تۇرۇپ، فەنا چۈشەنچىسى ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا ناتوغرا چۈشەندۈرۈلگەنلىكى، بۇزۇپ شەرھىلەنگەنلىكىگە ئىقرار بولۇشنىڭ ئىلاجى يوقتۇر. ئەمما ئىنساپ يۈزىسىدىن بۇنداق خاتالار تارىختا شەرقتىن باشلانغانلىقىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىم. ھۇجۋىرىي «كەشفۇولمەھجۇب»تا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىپ، فەنانىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ئېنىقلىشىدا خاتالىققا يول قويغان جاھىل سوپىلارنى تەنقىد قىلغان. بۇ خاتا قاراش نەچچە ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان بىزدە تەكرارلىنىپ كېلۋاتىدۇ، كېيىنكى چاغلاردا سۇبيېكتىپ مۇلاھىزىلەر بىلەن بېيىتىلغان بىر دەۋا. «فەنافەللاھ» مەقامىدا ئىنسان ئۆزىنىڭ شەخسىيتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئاللاھ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، دېگەن سەپسەتىنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. ئەسلىدە ئىنسان ئۆز زاتىدىن كېچىپ، ئادىمىيلىك بۇرچىنى بىر چەتكە قايرىپ، ئاللاھ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتەلمەيدۇ. ھەق ياكى مەرىپەت يولچىسى خەلق ئىشقىنى كامالغا يەتكۈزۈش، خەلققە بىر خالىسلىق سادىقلىق ئىشتىياقىدا خىزمەت قىلىش مەسلىكى بىلەن ھەققە ئىنتىلىدۇ. بىر جەھەتتىن فەنا ئاشىق ۋە ئارىف ئۈچۈن مەقسەت ئەمەس، ۋاستە ۋە تەجرىبە ئۇسۇلىدۇر. شۇ ۋاستە ۋە ئۇسۇل بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى پاكلايدۇ، روھىنى تەربىيەلەيدۇ، تەپەككۇر مېھنىتىنى باسقۇچلارغا كۆتۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئادىمىيلىك ئىرادىسىگە خاس كۈچسىزلىك ۋە ئاجىزلىقلاردىن قۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋايى غەزەللىرىدىن بىرىدە:

كۆڭۈل فەنا كۈچىدىن زور بازۇ ئىستەركىم

ۋۇجۇد پەنجەسىن ئاڭلامىش بەغايەت شەخ

(كۆڭۈل فەنادىن شۇنداق كۈچلىنىدۇكى، ۋۇجۇد قوللىرى غايەت زور دەرەخ كەبى بوپ قالىدۇ.)

تارىخىي مەلۇماتلاردا تۇنجى مەرتىۋە ئەبۇ سەيىد ھەرراز فەنا ۋە بەقا ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى بارچە سىرنى شۇ ئىككى كەلىمىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئومۇمەن مۇتەسەۋۋىپلار ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى فەنا ۋە بەقادىن سۆز ئېچىپ، تەلقىنگە كىرىشكەندە، ئەلۋەتتە قۇرئان كەرىمگە ئاساسلىنىشقان. قۇرئاننىڭ بىر نەچچە سۈرىلىرى، جۈملىدىن «نەھل» سۈرىسىدىكى: «سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلاردىكى نەرسىلەر پانىيدۇر، ئاللاھ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر باقىيدۇر» مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر فەنا ۋە بەقا نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئومۇمىي تەرزدە ئۆتكۈنچىدىن ئەبەدىينى پەرىقلەندۈرۈش ياكى ئاجرىتىش مۇھىم ئەمەس، بەلكى ياخشىدىن يامانىنى، ئاجىزلىقتىن كۈچ - قۇۋۋەتنى، مەنىۋىي تۆۋەنلىكتىن يۈكسەكلىكنى، بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا

بارچە ناقىسلىقلاردىن كامىللىقلارنى خاتاسىز پەرىقلەندۈرۈش ئىستىكىمۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبەدىيلىكنى ئۆتكۈنچىلىكتىن ئاختۇرۇش، فەنالىق شەۋقى بىلەن باقىيلىقنى قولغا كىرگۈزۈش شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ سىرلىق ۋە قىزىقارلىق نۇقتىلىرىدىن بىرى بولغانلىرى سەۋەبىمۇ نەۋايى «ماڭا ئىشرەت ئىرى كۆنجى فەنا ئەس» دېگەن.

ئەبۇ ناسىر سەرراجنىڭ تەرىپلىشىچە، فەنا نەپسىنىڭ يامان سۈپەتلىرىدىن خالاس بولۇشى ياكى پاكلىنىشى، بارلىققا كەلگەن گۈزەل ھالغا تەسلىم بولۇش ياكى ئۇنىڭغا توسۇق بولماسلىقتۇر («ئەللۇمەئى»، 334 ـ بەت). نەۋايىمۇ ئۇنلاپ بېيىتلىرىدە فەنانى ئەينى شۇ مەزمۇن ۋە مەقسەتتە تەلقىن قىلغان. يەنى فانىي بولۇش، يەنى نەپسنى پاكلاشنى ئىشق ۋە ۋىسالنىڭ ئالىي يولى سۈپىتىدە تەرغىپ قىلغان:

فانىي ئولغىل تىلەسەڭ ۋەسلكى بۇ يولدا ئېرۇر
ھىقەۋى دەفتەرى تەسبىھۇ مۇسەللا ئافەت

بەزى تەتقىقاتچىلار فەنانى بىر نەچچە باسقۇچقا ئاجرىتىپ تەۋسىپلەشكەن. بىرىنچىسى، جۈلقىتكى فەنا. بۇ ئەخلاقىي نەپسانىي ۋە ھايۋانىي زوق، لەززەت ھەم ئارزۇلاردىن خالاس بولۇش. ئىككىنچىسى، قەلب ۋە روھتىكى فەنا. بۇ قەلب ھاياتىنى بۇزۇدىغان، روھ لاتاپىتىنى يىمىرىدىغان ھىس ـ تۇيغۇ، كەيپىياتلارغا مەلھەم بېرىش. ئۈچىنچىسى، سىردىكى فەنا. بۇ ئىشىق كامالىغا ھالاكەت بېرىدىغان ھەممە ئىدىيالىرىدىن كۆڭۈلنى فارىغ ئەيلەش. مانا شۇلاردىن ھەربىرىنىڭ نەتىجىسى كامىللىقدۇركى، نەۋايى دېيەرلىك بارچە دىۋانىدا ناھايىتى ئىبرەتلىك ۋە خىلمۇ ـ خىل ئوبرازلار تەسۋىرىنى ياراتقان. نەۋايى ھېچ شۈبھىسىزكى فەنا مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپلىكىنىمۇ، ئۇنى چۈشىنىشتىكى پەرقلەرنىمۇ ئايرىم تەرىقەتلەردە ئۇنىڭ ئۆلۈم بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشلىقىنىمۇ ياخشى بىلگەن.

ئۇلۇغ شائىر دىۋانىدىكى فەناغا تىگىشلىك مەنا ۋە تۇيغۇلار، «فەنا تۇپرىقى»، «دىيارى فەنا»، «فەنا مەيى»، «فەنا مەيخانىسى»، «فەنا قويۇنى»، «فەنا شامى»، «فەنا مۈلكى»، «فەنانىڭ فەناسى»، «فەنايى مۇتلەق»، «فەنايى ئىشق» قا ئوخشاش ئىبارىلەر مەزمۇنىنى تەھلىل ۋە تەلقىن ئېتىش ئۈچۈنمۇ باشقا مەنبەلەرگە قايتا ـ قايتا مۇراجىئەت قىلىش لازىمدۇر. بىز بولساق ئاساسەن لۇغەتلەردىكى شەرھ ۋە ئىزاھلار بىلەن چەكلەنگەنلىكىمىز تۈپەيلى نەۋايى تەلقىنلىرىدىكى فەنا ۋە فەنالىق سىرلىرىنى ماھىيەتتە ماس رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرەلمىدۇق.

فەنانىڭ ھەم فەناسى ئىستەگىل ۋەسىل ئەرسە كامىنىكىم
بۇ يولدا ۋاسىل ئۆلمەكنىڭ تەرقى ئۇشبۇدۇر ئۇشبۇ

دەيدۇ نەۋايى. بۇنىڭدىكى «فەنانىڭ فەناسى» نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۆلۈم ياكى ئاللاھقا ئۆزىنى قۇربان قىلىشمۇ؟ باشقا نەرسىنى بۈيۈك بىر زوق ئىچىدە ئىنساننىڭ ئالەم ۋە غەم ـ ئەندىشىدىن تەلتۆكۈس يىراقلىشىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «فەنافىللاھ» مەقامىغا يېتىشىش ـ ھاياتقا، ئىنساننىڭ ئۆز ھەمجىنسلىرى خىزمىتىگە قايتىش يولى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنسان شۇ دەرىجىدە پاكلىنىپ،

ئارىپلىق، خالىسلىق، مېھىر - مۇھەببەت خىسلەتلىرىنى شۇ دەرىجىدە كامال تاپتۇرغانكى، شەيخلىق، خەلقىقە يولباشچىلىق، ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈش ئەينەن شۇنداق زاتلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. كەلابادىنىڭ يېزىشىچە، «بۇنداق زاتلار ئۆزگىلەرنى تەربىيە ۋە ئىدارە قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. چۈنكى فەنا ھالىدىن بەقا ھالىغا كۆتىرىلىشتۇر. بۇ ھالدىكى تەسەۋۋۇپلىرى نەپس تۇپەيلى ئەمەس، ھەقنىڭ سۈپىتى بىلەندۇر». ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەلىشىر نەۋايى ئىنسان ئەركى، ھۆرىيەت، شەخسنىڭ يۈز سۆزى، ئىرادىسىگە ھاكىم بولۇش ئىقتىدارىنى فەنا ۋە فەنالىق نامى بىلەنمۇ تەلقىن قىلىدۇ:

فەنا مەيخانىسىدە قىل گەدالىك

دېسەڭكىم بولمايىن سۇلتانغا مۇھتاج

(سۇلتانغا مۇھتاج بولماي دېسەڭ، يوقلۇق مەيخانىسىدا گادايلىق قىلغىل)

فەنا ھالى - ئىنساننىڭ ئۆز باتىنىدا شەكىللەندۇرىدىغان ئەمەلىي دەرۋىشلىكتۇر. بۇ دەرۋىشلىكنىڭ تەرىقەتكە مەنسۇپ دەرۋىشلىكتىن پەرقلىرى ۋە ئەۋزەل جەھەتلىرى كۆپ. بىرىنچىدىن، بۇنىڭدا دۇنياغا كەڭرى نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئادەملەردىن قېچىپ، ئۆزلەتكە چېكىنمەيدۇ. بەلكىم ئۆزىدىكى نەپسانىي، شەيتانىي ۋە ھايۋانىي ھەۋەسلەر كۆچىيىدۇ. ئىككىنچىدىن، قانچىلىك قېيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولمىسۇن، ئىنسان «قىيامەت سوغرا» (كىچىك قىيامەت) دەپ ئاتالغان ئىككىنچى مەنىۋىي تۇغۇلۇش، يەنى تەمە، رىيا، نەپسى ھاۋادىن پۈتۈنلەي خالاس بولغان، پەقەت ئىلمىي مەرىپەتكە تايىنىدىغان يېڭى قۇدرەتلىك «مەن» گە ئېرىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئالەم ئىشق، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت نۇرى بىلەن مۇلاھىزە قىلىندۇ. شۇ مەنىدە فەنا ھالى تاشقى تەسىرلەرگە بېرىلمەسلىك، مالامەتتە سالامەت بولۇش دېگەن چۈشەنچىگە ئەمەل قىلىش ھالىدۇر.

بىز ئۇشبۇ ئورۇندا ماۋزۇغا تېگىشلىك ئايرىم پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى بايان قىلدۇق ۋە ماھىيەتنى كەڭ يارىتىشقا ياردەم بېرىدىغان بەزى نۇقتىلارغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدۇق. فەنا ۋە بەقا دائىمىي رەۋىشتە نەۋايىنى قىزىقتۇرغان. ئىنسان قىسمىتى، ھالىتى ۋە كامالىتى توغرىسدا يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان بىر چۈشەنچە. بۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش نەۋايىشۇناسلىق ئۈچۈنمۇ پايدا، شۇنداقلا يېڭىلىق بولۇشى شۈبھىسىز.

---

① ئىبنى ئەرەبىي: «فەنا رىسالىسى»، 57 - بەت.

② زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، 87 - بەت.

③ «ئوسمانلى شېئىر تارىخىغا كىرىش»، 25 - 26 - بەتلەر.

④ «ئىپتىدانامە»، 66 - بەت.

ئىبراھىم ھەققۇلنىڭ تاشكەنت «مەنىۋىيەت» نەشرىياتى 2008 - يىلى نەشر قىلغان «مىراس ۋە ماھىيەت» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى

(تەرجىمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2010 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

## قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىلغا ئەزەر

ياڭ فۇشۆ
رەيھانگۇل ئابلىز تەرجىمىسى

ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە باي قەدىمىي مىللەت. تارىختا مەزمۇنى مول، ژانىرى خىلمۇ - خىل كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەردىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئومۇمەن ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1.ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (840 - يىللىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرخانلىقى يىمىرلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر).

2. بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان دەۋرى.

3. ئىسلام دىنى دەۋرى.

بۇ ماقالىدە ئىككىنچى دەۋر، يەنى بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نىستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبى ئەسەرلەر ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان. يېزىق جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلگەن (مەزكۇر ماقالىدىكى بايانلار «قۇتادغۇبىلىك»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «مىراجنامە» قاتارلىق ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىغا ئىگە، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). پەقەت ئاز بىر قىسىم ۋەسىقىلەر مانى يېزىقىدا ۋە باشقا يېزىقلاردا يېزىلغان.

ئۈچىنچى، كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك، هازىرغىچە كۆرۈلگەنلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۇنخۇاڭ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان هۆججەتلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يازما ماتېرىياللار بولۇپ، يەنە مەلۇم مىقداردىكى باسما ماتېرىياللارمۇ بار.

تۆتىنچى، شېئىرى ئەسەرلەر ئاساسلىق سالماقنى ئىگەللەيدىغان بولۇپ، بۇددا

دىنى، مانى دىنى ۋە نەستورىيان دىنىغا ئائىت شېئىرلار، ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ھېكمەتلەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە مەرسىيە قاتارلىق كۆپ مىقداردىكى خەلق شېئىرلىرىمۇ بار①.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكتىن، بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نەستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر كەينى كەينىدىن كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەدرىجى ھالدا ئىستېمالدىن قېلىشى بىلەن 15 ـ ئەسىردىن كېيىن (خېشى قەدىمكى ئۇيغۇرلىرى دىنىنى بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتمىگەنلىكى ئۈچۈن، خېشى قەدىمكى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 17 ـ ئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئوخشاشلا تەدرىجى يوقۇلۇپ، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ھېچ كىشى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنمىغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ، دۇنخۇاڭدىكى زور ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى خەلقئارا ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ يېڭىباشتىن دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. زور مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش ۋە ژورناللاردا ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇرتىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائالاقىدار بىر تۈركۈم مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئەسىر ئالمىشىش باسقۇچىدا تۇرغان مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە پەيتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىغا قايتىدىن نەزەر تاشلاش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ بىرىشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

غەربى يۇرت، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆچۈرمە ئەسەرلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىياتقا ئائىت ماتېرىياللارنى چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، تەرجىمە ئەسەرلەر، مەسىلەن: نوملار، مانى دىنى دەستۇرلىرى، نەستورىيان دىنى دەستۇرلىرى. ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئىجادى ئەسەرلەر.

تەرجىمە ئەسەرلەر گەرچە بۇددا دىنىغا ئائىت بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: 10 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا بەشبالىقلىق داڭلىق ئۇيغۇر تىلشۇناس، تەرجىمان سىڭقۇسەلى② (胜光法师) نىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبى قىممەتكە ئىگە.③

دىنغا ئائىت مۇھىم ئەسەرلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى پىقىر ئايرىم يېزىپ بايان قىلىپ بولغاچقا، گەپنى ئۇزاتماستىن كېيىنكىسىگە ئۆتىمەن.④ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەتقىقاتى ۋە توپلىنىشىدا، ئەڭ باشتا ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئارات (阿拉特) نىڭ «قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار» (1965 ـ يىل، ئەنقەرە) ناملىق كىتابىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئارات ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، قاپىيەداش شېئىرلارنى نەسرلەرنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىققان. 12 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدىن تېپىلغان، نامسىز شائىر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان

«پىرانىيا پاراستا خىرىدايا سۇترا» (般若波罗密多经)، كۆچۈرۈپ يازغۇچى كى سۇيا (Cisuya) ناملىق مەدھىيە شېئىرلارنى ئارات رەتلەپ چىققان ۋە «شىن تۇزىن ئۇقاتاچى نوم» (说心性经) ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرغاندا، بۇ شېئىرلارنى ئىلاۋە قىلىپ نەشىر قىلدۇرغان. (رەت نومۇرى 108 ـ Or. 8212)⑤

سىم: «قەدىمكى تۈركچە نەزملەر» دىكى 16 ـ ۋە 20 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە ئەمەلىيەتتە «سامان تەبھادرا سەريا پىرانىھانا» (普神行愿) نىڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 24 - نومۇرلۇق ھۆججەتتىمۇ «سامان تەبھادرا سارىيا پىرانىھانا»⑥ نىڭ ياغاچ ئويمىلىق ئىلاۋەسى بار. لېكىن 18 - نومۇرلۇق ۋەسىقە «ئالتۇن يارۇق» (金光明经) نىڭ 5 - كۆرۈنۈشىنىڭ شېئىرلەشتۈرۈلگىنىنىڭ،⑦ ئاپتورى يۈەن سۇلالىسىدىكى ئاتاقلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئالىمى (夔夔) كۇيكۇيدۇر دەپ قارىغان.

كۇيكۇي ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئېتىبار قىلىشقا تېگىشلىك شەخسلەرنىڭ بىرى. ئارات ئېلان قىلدۇرغان ياغاچ ئويما مەتبەئە بويۇمى «ئامىتا يود خىيانا سوترا» (无量寿经观)⑧ نىڭ قالدۇق پارچىسىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن يېزىلغانلىقى ئالىقاچان ئىسپاتلانغان. خەنزۇچە يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى نەسرى شەكلىدە بولۇپ، كۇيكۇي تەرىپىدىن شېئىرى شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ نۆۋەتتە بىلىنگەن بىردىن بىر دەلىل.⑨ كېيىنچە كۇيكۇي بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بۇ ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلغان. كۇيكۇي ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان بۆلەكلىك باش قاپىيە شەكلى بىلەن يازغان، شۇڭا بىر قىسىم بۆلەكلەرنى قىسقارتىش ياكى باش قاپىيەگە ماسلىشىدىغان بەزى سۆز ئىبارىلەرنى تەڭشەش، قوشۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

كۇيكۇيدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئەنزاڭ (安藏) ۋە ناترى (必兰纳识里) بار، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىن ئورۇن ئالغان. ئەنزاڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۈەن شىزۇڭ (元世祖) پەرمان قىلىپ، ئەنزاڭدىن قېپقالغان بارلىق كىتاب، قوشاق، شېئىر، مۇناجات، قەسىدە، ئون توملۇق نەسر قاتارلىقلارنى ياغاچقا ئويۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئېيتقان⑩ . ئەپسۇسكى يۈەن شىزۇڭ تىلغا ئالغان يۇقىرقى ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسى ساقلىنىپ قالمىغان. ھازىر ئۇچرىتالىغانلىرىمىز ئەنزاڭنىڭ ئىجادى ئەسەرلىرىدىن پەقەتلا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «ئون ساۋاپلىقنى مەدھىيەلەش» (十种善行赞) ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان «سامان تاباب هاددا سارىياپىرانى هانا» (普圣行愿赞) بار (T3 M 208). «ساۋاپلىقنى مەدھىيەلەش» جەمئىي ئون تۆت بۆلەك بولۇپ، ھەربىر بۆلەك سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان، ھەممىسى باش قاپىيەدە كەلگەن، «بۇددا ۋاتامىساكاماخا» غا مەدھىيە ئوقۇلغان.

بۇ شېئىرلار بۈيۈك بىرتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى بۇددىزم شېئىرلىرى توپلىمى (رەت نومۇرى 8212 ـ Or.108) نىڭ 33 ـ 34 ـ بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ.⑪

يەنە، تۈركىيە ئالىمى ئارات تۈزگەن «قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار» ناملىق كىتابىتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. گېڭ شىمىن ئەپەندىم بۇ ئەسەرنىڭ تەركىبىدىكى 9 پارچىنى تەرجىمە قىلغان.⑫ بۇ ئەسەردە سۆزلەر دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن، مەنە مۇكەممەل، گىراماتىكىسى راۋان، تىلى يىغىنچاق بولۇپ، بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى ناھايىتى لايىق بىر تەرەپ قىلىنغان،

بۇ ئەسەر يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت شېئىرلار توپلىمىنىڭ قالدۇقلىرىدا ناتىرى خەنزۇچە يېزىلغان بۇددا دىنى ئەسەرلىرىگە تەتبىقلاپ ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلار توپلىمى «سامان تابھادرا سار ياپىرانى ھانا» نى كۆرەلەيمىز. كىتابنىڭ 54 ـ ،56 ـ بەتلىرىدە جەمئىي ئەللىك بۆلەك بار بولۇپ، ھەربىر بۆلەك تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا نامسىز شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان «35 بۇددىغا ئېھتىرام» (向三十五佛致敬) (36 ـ ، 46 ـ بەتلىرىدە، جەمئىي 35 بۆلەك، ھەر بىر بۆلىكى 8 مىسرادىن تەركىپ تاپقان)، بۇ نامسىز شائىر ھەرپ تەرتىپى بويىچە يېزىپ چىققان 21 بۆلەك 8 مىسرالىق شېئىر (47ـ، 51ـبەتلىرىدە) ۋە جىسۇيا تۇتۇڭ (Cisuya tutung) يازغان «ئالتە پىرامىتاغا مەدھىيە» (歌咏六波罗蜜) نىڭ 15 بۆلەك 4 مىسرا (51 ـ ،53 ـ بەتلەر) قاتارلىقلارمۇ بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەنگەن دەۋردە، شېئىر ئىجادىيىتى ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر ئىجادىيەت شەكلى بولۇپ قالغان. شەكىل جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى باش قاپىيە دە تۈزۈلگەن بولسىمۇ،ئەمما ھەر مىسرادىكى بوغۇم سانىنىڭ تەڭ بولىشىغا ئانچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتىلمىگەن. ئاز بىر قىسىم ئەسەرلەردە باش قاپىيە ۋە ئاياغ قاپىيە تەڭ قوللىنىلغان (كېيىنكىسى كۆپىنچە ئوخشاش گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى تەكرارلاش بىلەن چەكلەنگەن). باش قاپىيەدە كەلگەندە، ھەربىر مىسرا شېئىرنىڭ بېشى ياكى ئوخشاش بىر سوزۇق تاۋۇش (لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش قاپىيەداش ھېسابلانغان، مەسىلەن، o ۋە u قاپىيەداش، ö بىلەن ü مۇ قاپىيەداش ھېسابلانغان)، ياكى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش ياكى پۈتكۈل شېئىر ئوخشاش بىر باش قاپىيەدە ياكى مىسرالارغا ئاساسەن باش قاپىيە ئۆزگەرگەن. بۇ ئەدەبىي شەكىل خەلقئارادىكى تۈركولوگىيە ساھەسىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك سىم⑬، ئېلىمىزدىن گېڭ شىمىن⑭ قاتارلىقلار مەزكۇر ئەدەبىي شەكىلگە ئائىت ئەسەرلەر يېزىپ مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

سىمنىڭ يېڭىدىن نەشىردىن چىققان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزىم شېئىرىيىتىدە باش قاپىيەلىك شېئىرلار» ناملىق ئەسىرىدە ئۇزۇن قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان 60 خىل ۋەسىقە بار بولۇپ، ئاساسلىقى ۋەزىنلىك ئەسەرلەرنىڭ يىگى قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت. مەزمۇنى ھېكايە، قەسىدە، تەمسىل، سەرلەۋھە ۋە باشقا ژانىردىكى ماتېرىياللار ھېساپلىنىدۇ. كۆپلىگەن مەزمۇنلار تېخى ئايرىپ چىقىلمىدى. ئارىسىدا ھەتتا بەزى بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنى مەدھىيەلەيدىغان قەسىدىلەر بار (39 نومۇرلۇق ھۆججەتكە ئوخشاش).

شوگايىتو ماساھىرو (庄恒内正弘) بۈيۈك بېرتانىيە كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان Or .8212 ـ A75 نومۇرلۇق كىتابنى رەتلىگەن. بۇ ۋەسىقە ئۈچ پارچە باش قاپىيەلىك شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى بۇددا دىنى مۇرتلىرى «شەپقەتچى» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دېكلاماتسىيە قىلىدىغان تەمسىلگە ئوخشايدۇ.

كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى، مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر خانلىقى ئەينەن تىلغا ئېلىنىدۇ.⑮

1980ـيىلى تېكىن گىنى مۇزىيى (فرانسىيىنىڭ پارژىكى ئەڭ چوڭ ئاسىيا قىتئەسى سەنئەت مۇزىيى) دا ساقلانغان P.4521 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرنى

شەرھىلىدى.⑯ بۇ 181 بۆلەك باش قاپپىيەلىك تۆت مىسرالىق شېئىردىن تەركىب تاپقان ئەسەر بولۇپ، سادابرارودىتا (常啼) بىلەن دىھرا مورگايا (法上) نىڭ رىۋايىتى سۆزلەنگەن. ئەگەر بىز سانسكرىت تىلى بىلەن يېزىلغان «پرانىيا پارامىتا خىزىدايا سوترا»نىڭ 30 ـ ، 31 ـ قىسىملىرىنى⑰ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرنىڭ ئېنىقلا تەرجىمە ئەسەر ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينەن بۇ ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار قەيت قىلىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ئەسەر خەنزۇچە نۇسخىسى (شېئىر بولۇشى ناتايىن) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. يۇقىرىقى ئەسەر بىلەن خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دۇر. ئەڭ دەسلەپتە يۇئېر (于阿尔)⑱ ۋە بوشىخ (伯希和)⑲ ئېلان قىلغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئورقۇن (奥尔昆) تۈركچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان.⑳ كېيىنچە خامىلتون (哈密顿)[21] بۇ ئەسەر ئۈستىدە قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى كۆپلىگەن خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن. نىيۇرۇجى[22] خامىلتون ئىشلىگەن نۇسخىغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان. بېرلىندا ساقلانغان قىسمى سىم تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان[23] . دېيۋىت كوكىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ ئەسەر ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1998 - يىلى تۈركچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ قېتىملىق نەشرىدە ئەسەرگە ناھايىتى تەپسىلى ئىزاھلارنى قوشۇمچە قىلغان 2] 4].

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىنىڭ دىراما سەنئىتىمۇ يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تىياتىرلار تىلغا ئېلىنغاندا، كىشىلەر تەبئىي ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر دىرامىسى، تۇرپان ۋە قۇمۇلدىن تېپىلغان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى «مايتىر ياسامىتا ناتاكا» («مايتىرى سىمىت») نى ئويلايدۇ. «مايتىر ياسامىتا ناتاكا» نىڭ كۆپ قىسمى ھىنايانا بۇددىزىمنىڭ «سامانتاپا» مەزھىپى (毗婆娑派) گە تەۋە سەھنە ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ماھايانا بۇددىزىمنىڭ قاراشلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالغان. بۇ سەھنە ئەسەرلىرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدا يېزىلغان پارچىلاردىن ھازىرغىچە يەتتە خىلى بايقالغان بولۇپ، ئىككى خىلى سىڭگىمدىن، يەنە ئىككى خىلى مورتۇقتىن، قالغان ئىككى قىسمى تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر جايىدىن تېپىلغان. 1959 - يىلى قۇمۇلدىن بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان يەنە بىر كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تېپىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بىر پارچە مۇقەددىمە ۋە 25 پارچە تولۇق تېكىستتىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمىسى ئادەتتىكى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ساخاۋەتچىلەر يازغان مۇناجاتلار بولۇپ، تولۇق تېكىست قىسمىدا ئاساسلىقى «مايتىرى سىمىت» نىڭ ھاياتلىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان. بۇ دىراما بۇددا پېرسوناژلارنىڭ ۋەزلىرىگە تايىنىپ بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقىتىپلا قالماستىن، دىرامىدا تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى، تولۇق ۋە مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى يارىتىش ئارقىلىق مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا سەھنىدە ئورۇنداش شەكلى بىلەن جانسىز بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى كونكرېت جانلىق ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن[25] .

«مايتىر ياسامىتا ناتاكا» («مايترى سىمىت») نىڭ ئەسلى نۇسخىسى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە سامىتسۇ ئاچارى (圣月大师) تۇخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 护法师智 قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان توخرىچە «مايتىر ياسامىتا ناتاكا»(«مايترى سىمىت») نىڭ بىر نەچچە خىل نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىلارنىڭ بىرىدە بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ «مايتىر ياسامىتا ناتاكا» ئىكەنلىكىنى، «ناتاكا» دېگەن سۆزنىڭ سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، «سەھنە ئەسىرى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى توخرى تىلىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ھەر بىر كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن دىراما ئوينىلىدىغان ئورۇن، پېرسوناژلار ۋە ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا بۇ ئەسەرنىڭ سەھنە ئەسرى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.[26] لېكىن قومۇلدىن تېپىلغان نۇسخىسىدا ئاھاڭ ۋە پېرسوناژلار كۆرسىتىلمىگەن. پەقەت دىراما ئوينىلىدىغان ئورۇن كۆرسىتىلگەن. قەدىمكى توخرى تىلىدىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ھەر ئىككى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش، لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «مايتىر ياسامىتا ناتاكا» ئەسلىدە بىر يۈرۈش 27 پەردىلىك بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى قومۇل نۇسخىسىدا ھازىرغىچە 25 كۆرۈنۈش ساقلىنىپ قالغان، 26-، 27- كۆرۈنۈشلىرى كەم، لېكىن ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇقەددىمە قىسمى كۆپ. توخرى تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان «مايتىر ياسامىتا ناتاكا» نىڭ بايقىلىشى دىيارىمىز قەدىمكى تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھىندىستاندىن كېلىپ چىققان تىياتىر ئورۇنلاشنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «چاشتانى ئىلىك بەگنىڭ ھېكايىسى» بولسا تېخىمۇ ھېكايە تۈسىنى ئالغان ئەسەر بولۇپ، بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان. ئاساسلىق مەزمۇنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، چاشتانى ئىلىك بەگ خەلقنى چۇما كېسىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى چايان شەھرىگە بارىدۇ. ئالۋاستى «رىكساس» نىڭ رەزىللىك بىلەن چاشقان باكتېرىيەسىنى چېچىپ خەلقنى قەستلەۋاتقانلىقىنى ۋە خەلقنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرغا چىقىپ ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىدۇ. ئاخىر ئالۋاستىنى يېڭىپ خەلقنى قۇتقۇزغانلىقىدەك ھېكايە سۆزلىنىدۇ.[27] ئەسەرنىڭ تىلى باشتىن ئاخىرىغىچە شۇنداق گۈزەل، لېكىن يەنىلا خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس ساددىلىقنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر ھېساپلىنىدۇ[28] . .

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولغان بۇددا دىنى كىتابلىرىمۇ بار. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە تەزجان (铁慈江) رەتلەپ چىققان، بىر پارچە تەمسىللىك ھېكايە ۋە مايتىر سىمىتقا مەدھىيە ئوقۇلغان بىر پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70 بەتلىك بىر كۆچۈرمە نۇسخا بار. [29] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ناھايىتى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن، خەلقنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن ھېكايە ۋەقەلىكلىرى ۋە تېمىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا قارىتا مۇستەقىل ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان، بۇ ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتقان[30] .

تۆۋەندە بىز بىر قىسىم مانى دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىنچە قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە نەزمىلەرنىڭ ئەسلى قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭمۇ بارلىقى بايقالغان[31] . بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە دىققەتنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر پارچە پاتىرا نومى ۋەسىقىسى، بۇئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئېلان قىلدۇرۇلۇش ئىشىنى لىكوك (勒柯克) تاماملىغان. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ بەش بېتىنى يېشىپ چىققان [32] .

ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر ۋەسىقىدە مانى دىنى قەسىدىلىرىگە ئائىت مەزمۇنلار بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. باڭ (邦格) ۋە گابايىن خانىم (葛玛丽) تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا بار بولغان بارلىق مانى دىنىغا ئائىت قەسىدىلەرنىڭ پارچىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، «تۇرپان تۈركى تىللار ماتېرىياللىرى» 3 - توم («پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمى ژۇرنىلى» غا بېرىلگەن، 1930 - يىل، 183 - بەتتىن 211 - بەتلەر) دا 178 قۇر مەزمۇننى ئېلان قىلغان. كېيىن ئارات بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان. «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى شېئىرلار» نىڭ يەتتىنچىسىدە بۇ ئەسەرنى ئۆلچەملىك ئىملا قائىدىسى ۋە مۇرەببە شەكلىدە تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. 1931 - يىلى باڭ يەنە بىر قانچە قالدۇق بەت پارچىلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان [33]. قالغان قىسمى كېيىن گابايىن خانىم تەرىپىدىن «تۇرپان تۈركولوگىيە ماتېرىياللىرى (TTT)» نىڭ 9 - توم («بېرلىن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەجمۇئەسى» ، 1956 - يىل 2 - سان، بېرلىن، 1958 - يىل) 7 - نومۇرلۇق ماتېرىيالىدا ئېلان قىلىنغان. ۋېنت (文特) بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى كۇسەن تىلىدا يېزىلغان بىر قەسىدىنى قايتىدىن سېستىمىلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. ئامېرىكىلىق ئالىم كلارك يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان نەتىجىلەر ئاساسىدا، بۇ قەسىدىلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ ئەسەرنىڭ قۇرۇلما سېخېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى[34] .

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت باش قاپىيەلىك شېئىرلاردىن جەمئىي 149 كۇبلېت بار بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىسپاتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن تۇرسۇن ئابلا ئەپەندى بۇنىڭ ئىچىدىكى 50 نەچچە كۇبلېتنى تونۇشتۇرۇپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردى[35]. قالغان 90 نەچچە كۇبلېت قاھار بارات ئەپەندى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى[36] .

نىستورىيان دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ گىرىتسىيەنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسىرى «ئىزوف مەسەللىرى» مۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، بەزى بۆلەكلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىدىكى ئەسەر جەمئىي 10 پارچە بولۇپ بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە Tla نومۇرلۇق يازمىدا 18 مىسرا ساقلانغان بولۇپ، 1922 - يىلى لىكوك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان [37]. راسونىي ۋەسىقىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، تەخمىنىي تارقىلىش يوللىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ماقالە ئېلان قىلغان[38] . قاھار بارات بۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان 39] . كېيىن سىم بىرلىندا «تۇرپان قەدىمكى يادىكارلىقلىرى» نىڭ ئىچىدىن يەنە 8 پارچە «ئىزوف مەسەللىرى» نىڭ يىڭى پارچىلىرىنى تاپقان ھەمدە 1968 - ئېلان قىلغان. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى:

| o | نومۇرى | يۈزى | مىسرا |
|---|---|---|---|
| | T1a(U319) | كەمتۈك بەت 14×24cm | 30 مىسرا |
| | TID30 (u193) | كەمتۈك بەت 9×11cm | 18 مىسرا |
| | TID30 (u195) | كەمتۈك بەت 10×13.5cm | 20 مىسرا |
| | TID30 (u192) | كەمتۈك بەت 8×11cm | 18 مىسرا |
| | TID30(u194) | 9× 12 cmكەمتۈك بەت | 16 مىسرا |
| | Main2313 D170 | ئېنىق ئەمەس | 14 مىسرا |
| | Main2349 | ئېنىق ئەمەس | 14 مىسرا |
| | U318 | كەمتۈك بەت 11.5×11cm | 14 مىسرا |

يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئىچىدە ئاخىرقى ئىككىسىنىڭ تېپىلغان ئورنى ئېنىق بولمىغان، قالغان قىسمى تۇرپان بۇيلۇقتىن تېپىلغان[39]. ئۈچ يىلدىن كېيىن سىم يەنە بىر پارچە «ئىزوف مەسەللىرى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى پارچىسىنى تاپقان. بۇ پەقەت بىر بەت بولۇپ نومۇرى (TI (u29 [40]. «سانتگىئورگىنىڭ سۆيقەستكە ئۇچرىشى» دېگەن ئەسەرنىڭمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بار بولۇپ (TIBI (u320 نومۇرلۇق قالدۇق پارچىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەسەر لىكوك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان [41] . كېيىن باڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، لىكوكنىڭ تەرجىمىسىدىكى بەزى يازمىچە خاتالىقلارنى تۈزەتكەن[42] . قاھار بارات بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان[43] . كېيىن سىممۇ مۇشۇ ئەسەر بىلەن

مەزمۇنى ئوخشاش بولغان (TIIB6215R(u5179 ۋە ( TIIB(u1870 نومۇرلۇق قالدۇق پارچىنى بايقىغان ئىدى. ئالدىنقىسىنىڭ ئوڭ يۈزىدە 5 قۇر، ئارقا يۈزىدە 2 قۇر خەت بولۇپ، بىر ئادەم سۈرىتىمۇ چۈشۈرۈلگەن. كېيىنكىسىنىڭ ئالدى - ئارقا يۈزىدە 6 قۇردىن خەت بار ئىدى [44]. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «سانتگىئورگىنىڭ سۆيۈقەسكە ئۇچرىشى» دېگەن ئەسەردە سانتگىئورگىنىڭ جازاغا تارتىلىش ئالدىدا قىلغان تىلاۋىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى «ئەگەر كىمكى ئۇنىڭغا مۇھتاج بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرسىلا ئۇ شۇ هامان هازىر بولۇپ ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىدەك» مەزمۇنلار كۆزگە چېلىقىدۇ[45] . بۇنىڭدىن كۆرۈۋالايمىزكى، بۇ ئەسەر بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قارا شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان سۈرىيان ئېلىپبەلىك قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى نىستورىيان دىنى كىتابىنىڭ پارچىسىدا، خىرىستوسنىڭ ئازاب چەككەنلىكىدەك ۋەقەلىك يېزىلغانلىقى بايقالغان.[46]

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا دىنغا مۇناسىۋەتسىز ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوغۇز خان قىسسەسى» تۈركىلوگلارنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتقان بىر ئەسەر هېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان نەسرىي شەكىلدىكى قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، هازىرغىچە پەقەت بىر پارچىسىلا پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. نومۇرى suppl. turc. 1001. باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرى قىسمەن كەمتۈك، يۈزى 19 cm ×13، جەمئى 21 بەت، ئارقا ئالدى بەتلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 9 قۇردىن خەت بار. مەزكۇر ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قەدىمىيلىكى، تىلىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن بايقىلىش بىلەنلا خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ناهايىتى تېزلا ئۆزىگە قاراتقان، ئەڭ دەسلەپتە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گوللاندىيەلىك دىس (狄荻) بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. كېيىن [47] رىزا نۇر (努尔.里扎)، [48] بوشى (伯希)، [49] باڭ، رەھمەتى[50] ،شېرباخ (谢尔巴克) ۋە گېڭ شىمىن[52] قاتارلىق تەتقىقاتچىلار قايتىدىن تەرجىمە ۋە تەھلىل ئېلىپ باردى.

«ئوغۇزخان» ئىدىقۇت قەدىمكى ئۇيغۇرلىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىششىق يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى[53]. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان بىر قەدەر قەدىمىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالېكساندىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان موڭغۇل يېزىقىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەردە[54] بىر قانچە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى بايقالغان بولۇپ [55] ، بۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدە «تۇغقانلارنى سېغىنىش» ناملىق شېئىر ئارانلا 7 بۆلەك 28 مىسرا بولسىمۇ، لېكىن يېزىلىشى ناهايىتى سىپتا، ناهايىتى تەسىرلىك[56] . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە ماقال - تەمسىلمۇ بار بولۇپ[57] ، بۇلار بىردەك ئوخشاش بىر كەمتۈك پارچىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان Or. 812_108 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى شېئىرلار توپلىمى ئارىسىدا بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ گۈزەل، خىلۋەت جاي ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە تەبىئەت لىرىكىسى بار[58]. ئۇنىڭ تىلى پىششىق، مەنىسى چوڭقۇر، رېتىملىق، جۈملىلىرى گۈزەل بولۇپ، تەبىئەتنى مەدھىيەلەشنى مەزمۇن قىلىپ، تاغ - داۋانلارنى كۈيلەيدۇ، ئەركىن

ئازادە ھالدا ئىپرىقلارنى، ئۇچار - قۇشلارنى، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېس قىلغۇسىز سۈكۈناتىنى، خىلۋەتلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ماھىيەتكە قايتۇرۇپ، دۇنيادىن ئايرىپ زاھىتلىققا [59] يەتكۈزۈشتەك بۇددا دىنى پەلسەپىسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئېتىكاپ مەنزىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بىر قاراشتا كىشىنى مەھلىيا قىلىپ، پانىي ئالەمگە زوق، چەكسىز مەنىدارلىق ئۇرغۇتىدۇ. بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسەر دەپ قارىلىدۇ.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، دەسلەپكى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئارىسىدا ئىككى كۇپلېت دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز شېئىرمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى11 ـ or8212 نومۇرلۇق شېئىردا جەمئىي 12 قۇر يازما ساقلانغان. مەزمۇنى نېستورىيان مۇخلىسىنىڭ يوھانغا يازغان خېتى بولۇپ، مىسرالار ئاياغ قاپىيەدە كەلگەن بولۇپلا قالماي، ئالدىنقى 2 - مىسراسىدا باش قاپىيە قوللىنىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق، ھەم يېزىلغان دەۋرى بىر قەدەر بالدۇر بولغانلىقتىن ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان[60] ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەرمۇ بار بولۇپ[61] دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

«جاتاكا» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ھىندى رىۋايەتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ئاسىيادا كەڭ تارقالغان «يامارايانا» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى بايقالغان. لېكىن بۇ كۆچۈرمە نۇسخا بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئۈزۈك بولغانلىقتىن ئۇنى ئوقۇش ناھايىتى قىيىنغا توختىغان[62] . تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارىسىدا يەنە ھىندىستاننىڭ داڭلىق ئەدەبىي ئەسىرى «بەشنامە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بايقالغان. ھازىر ساقلانغان قىسمى سەككىز پارچە بولۇپ جەمئىي 215 قۇر. تەتقىقات قىلىپ ئايرىش ئارقىلىق بۇ ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى شىر بىلەن كالا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان ھېكايىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ھېكايە بۇددا دىنى ھېكايىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەنمۇ - يوق؟ بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇنى كېلىسلى (盖斯勒) بىلەن سىم بىرلىشىپ نەشىر قىلدۇرغان[63].

ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ پېرسوناژ ئالاھىدىلىكى، ھېكايە مەزمۇنى، مەركىزى ئىدىيىسى «بەشنامە» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «بەشنامە» نىڭ بىرىنچى توم 18 - ھېكايە «قۇشقاچ بىلەن پىل» ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «پىلنىڭ ئۆلىمى» بىلەن ئوخشاش. «قۇشقاچ بىلەن پىل» دا قۇشقاچ، تۆمۈر تۇمشۇق، چىۋىن، چارپاقا قاتارلىق جاندارلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇستىلىق بىلەن بىر چوڭ پىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «پىلنىڭ ئۆلۈمى» بىلەن «قۇشقاچ بىلەن پىل» نىڭ مەزمۇنى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما قۇشقاچ ۋە تۆمۈرتۇمشۇق پاشىغا ئالماشقان. ئۇنىڭدىن باشقا «بەشنامە» دىكى «كەپتەر شاھ» ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «تاش توخۇ» ، «بەشنامە» دىكى «تاللىغۇچى چاشقان» بىلەن «مەغرۇر مەلىكە» ، يەنە «بەشنامە» دىكى «يىلان ۋە چۆمۈلە» بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئوخشاش نامدىكى بولغان چۆچەكلەردە ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى «بەشنامە» ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بىر ئەسىردىن بۇيان ئىلىم - پەن ساھەسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. غەرب دۇنياسى بۇ جەھەتتىن باشلامچىلىق رولىنى

ئويندى. بولۇپمۇ گېرمانىيە ئۆزىنىڭ ئەڭ مول بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى بولدى، لىكوك، باڭ، مېللىر، گابايىن خانىم، سىم قاتارلىق داڭلىق قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى تەتقىقاتچىلىرى مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ، سىمىنىڭ مۇۋاپپەقىيىتى بەك زور بولدى. گېرمانىيەدىن باشقا تۈركىيە، فىرانسىيە، روسىيە، ئەنگىلىيە، ۋېنگىرىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى ئارقىمۇ - ئارقا مەيدانغا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى باشلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات تېخىمۇ كېيىن باشلانغان، ئاساسەن 1978 - يىللاردىن كېيىن تۇتۇش قىلىنغان. ئەمما قىسقىغىنە 20 نەچچە يىل ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققى قىلىشتەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىلىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. گىلڭ شىمىن ئەپەندىمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) تەتقىقاتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا لى جىڭۋېي، ئىسرايىل يۈسۈپ، قاھار بارات، دولقۇن غاپپار، ئابدۇقەييۇم خوجا، نىيۇرۇجى قاتارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭمۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇ نەتىجىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 21 - ئەسىردىكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى.

ھازىر بىز كۆرەلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ سانى چەكلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسىم ئەسەرلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدىكى تەتقىقات بولسۇن داۋاملىق ھالدا قېزىش، رەتلەش، باھالاش باسقۇچىدا تۇرماقتا، سېستىملىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى ئاز، پەقەت سىم نىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان «تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قاپىيەلىك شېئىرلار» (بۇداپېشت. 1999) دېگەن كىتابى تەتقىقات ۋە باھالاش تەڭ ئېلىپ بېرىلغان، يىغىنچاقلا ئېيتقاندا، خۇلاسە خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېپىلىشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئارقىسىدا يۇقىرى سەۋىيەلىك قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقات نەتىجىلەر جۇغلانمىسى چوقۇمكى دۆلىتىمىزدە روياپقا چىقىدۇ.

ئىزاھات:

① گابايىن: «ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى تۈرك ئەدەبىياتى»، «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى» نىڭ 5 ـ توم، 1 ـ نومۇرىدىن ئېلىندى.

② بۇرۇن ئىلىم ساھەسىدە كۆپ ۋاقىتلاردا سىڭقۇسەلي ياكى شىياڭقۇسەلى دەپ ئېلىناتتى. كىيىن خاسەي بىر قىسىم قەدىمى ئۇيغۇر تىلى ئەسەرلىرىدە خەن يى دەپ ئېلىنغانلىقىنى بايقىدى.

③ لاڭ يىڭ: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى ئەدەبىياتى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» نىڭ 1992 ـ يىل 1 ـ سانى، 12 ـ بەتتىن 19 ـ بەتكىچە.

④«قەدىمى ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ 100يىلىغا نەزەر»، «شەرق بۇددىزىمى» قاتارلىق ماقالىلەر، «دۇنخۇۋاڭ شۇناسلىق» 1999 ـ يىلى 2 ـ ساندىن ئېلىندى.

⑤«يۇەن سۇلالىسى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى»، بوداپېشت، 1980 ـ يىلى، 143 ـ بەتتىن

150 ـ بەتكىچە.

⑥سىم: «قەدىمى ئۇيغۇر تىلى بۇددا دىنى باش رىتىملىق شېئىرلىرى» ، بېرلىن ، 1985 ـ يىلى ، 3 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە.

⑦ئارات: «قەدىم تۈرك تىلى شېئىرلىرى»ئەنقەرە، 1965 ـ يىلى، 19 ـ ، 20ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە.

⑧«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 43ـ توم، بېيجىڭ، 3413 ـ بەت.

⑨«چىڭ شۆ لوۋ توپلانمىسى»9 ـ توم.

⑩ئارات:«قەدىم تۈرك شېئىرلىرى» ، 72ـ بەتتىن 78ـ بەتكىچە.

⑪ئارات: «قەدىم تۈركچە شېئىرلىرى» 72ـ ،78ـ بەتلەر.

⑫گېڭ شىمىن :«قەدىم ئۇيغۇرچە شېئىرلار تاللانمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل ، 67 ـ ،68 ـ بەتلەر.

⑬ سىم: «قەدىم ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى رىتىملار ھەققىدە» ، «شەرقشۇناسلىق» ، 1975 ـ يىلى ، 29 ـ سانى، 187 ـ ، 211 ـ بەتلەر.

⑭ گېڭ شىمىن :«قەدىم ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ رىتىمى ۋە شەكلى ھەققىدە» 247ـ ، 263 ـ بەتلەر.

⑮ شوگايىتو ماساھىرو: «پۇسا نومى ـ ئاۋادانا ھەققىدە» ، «شەرق ئوكيان گېزىتى» نىڭ 58 ـ تومى1976 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ سانى، 1 ـ بەتتىن 37 ـ بەتكىچە. خۇشى چەتئەل تىللىرى تەتقىقات مەركىزى. 1982 ـ يىلى.

⑯ «يۈەن سۇلالىسى قەدىم ئۇيغۇرچە بۇددا ۋەسىقىلىرى» ، 2ـ بۆلۈم: «سادارپرارودىتا ۋە دىھرامورگايا نىڭ ھېكايىسى» ، بوداپېشت، 1980 ـ يىل ، 151 ـ بەتتىن 291 ـ بەتكىچە.

⑰ تاڭ شەن مىڭ: «پرانىيا پارامىتا خىزىدايا سوترا» (سانسكرىتچە نۇسخىسى) كامبرىج ، 1976 ـ يىلى، 118 ـ بەتتىن 129 ـ بەتكىچە.

⑱ يۇئېر: «تۈركچە يېزىلغان قەدىمى ئۇيغۇرچە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بۇددىزىم ھېكايىسى» ، «ئاسىيا ئىلمى ژورنىلى» 1914 ـ يىلى، 5 ـ بەتتىن 7 ـ بەتكىچە.

⑲ بوشىخ: «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» ، «تەزكىرە» نىڭ 15 ـ توم ، 1914 ـ يىل ، 225 ـ بەتتىن 272 ـ بەتكىچە

⑳ ئورقۇن: «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» ، ئىستانبول ،1940 ـ يىل.

[21] خامىلتون: «دۇنخۇۋاڭ نۇسخىسىدىكى (ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى)» ، پارىژ ، 1971 ـ يىل.

[22] نىيۇۋ رۇ جى:«(ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى)ھەققىدە تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى» ، 1991 ـ يىلى ، 1 ـ سان ،111 ـ بەتتىن130 ـ بەتكىچە.

سىم: «تۇرپاندىن تېپىلغان (ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى)» ، «شەرق ئىلمى ژورنىلى» ، 28 ـ توم، 1974 ـ يىلى، 263 ـ بەتتىن 268 ـ بەتكىچە.

[23] تېكىن: «يۈەن سۇلالىسى قەدىم ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» ،151 ـ بەتتىن 161 ـ بەتكىچە

[24] ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن غاپپار، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلار رەتلىگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايتېر سىمىت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، گېڭ شىمىن، كرىنكېت:«قومۇل نۇسخىسىدىكى مايتېر سىمىت نىڭ ئالدىنقى بەش بابى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1987 ـ يىلى، 2 ـ توم

[25] باموباچى: «قەدىم تۈرك تىياتىرى ھەققىدە» ، «ئالتاي مەدەنىيتى ھەققىدە» 1963 ـ يىلى، 87 ـ بەتتىن 117 ـ بېتىگىچە.

[26] مۇللېر: «قەدىمى ئۇيغۇر تىلى» ، 4ـ توم، «پېرىس پەنلەر ئاكادېمىيسى ئىلمى ژورنىلى» ، 1931 ـ يىلى ، 680 ـ بەتتىن 699 ـ بەتكىچە؛ ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹چاشتانى ئىلىك بەگ ھېكايىسى› » ،«شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1979 ـ يىلى 7 ـ سان؛ ئورالقان قۇرمانقالى: «بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ ‹چاشتانى ئىلىك بەگ ھېكايىسى› » ،

«شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىلى ،1 - سان، 86 - بەتتىن 92 - بەتكىچە.

[27] گابايىن: «تۇرپاندىن تېپىلغان ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى»، «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»، 1976 - يىلى، 1 - نومۇرلۇق ھۆججەت.

[28] ياڭ فۇ شۆ: «بۇددا دىنى ۋە قەدىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «جوڭ شاۋ لىياڭ ئەپەندىنىڭ 90 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتالغان ماقالىلەر توپلانمىسى»، 1997 - يىلى، 397 - بېتى.

[29] گانايىن: «قەدىم تۈرك ئەدەبىياتى»، «تۈرك تىلىدىن ئاساس»2 - توم، 1964 - يىلى، 232 - بېتىدىن 233 - بېتىگىچە.

[30] لىكوك: «ئىدىقۇتتىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنى ۋەسىقىلىرى»، 3 - بۆلۈم («پىرۇستانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماقالىلىرى» 1922 - يىلى، 3 - نومۇر) 39 - نومۇرلۇق ھۆججەت

[31] باخ: «مانى دىنى ساۋاق بەرگۈچى»، «موزىي»، 44 - توم، 1931 - يىلى، 24 - بەتتىن 35 - بەتكىچە.

[32] كىلارىك: «پالما سۇترا» «قەدىمى شەرق تەتقىقاتى»9 - توم، 1982 - يىلى، 145 - بەتتىن 218 - بەتكىچە.

[33] گېڭ شىمىن: «قەدىم ئۇيغۇرچە مانى دىنى مەدھىيە شېئىرلىرى» ، «بۇلاق»، 1981 - يىلى، 2 - سان.

[34] قاھار بارات: «قەدىم ئۇيغۇرچە مانى دىنى شېئىرلىرى»، «بۇلاق»، 1983 - يىلى، 10 - سان، 1 - بەتتىن 35 - بەتكىچە.

[35] لىكوك: «ئىدىقۇتتىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنى ۋەسىقىلىرى»، «پىرۇستانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماقالىلىرى»، بېرلىن، 1922 - يىلى، 3 - سان.

[36] راتسوئى: «قەدىم ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزوف مەسەللىرى پارچىسى»، «ۋېزانتىيە - يېڭى گرېتسىيە ئالماناخ ئېقىمى»1930 - يىلى، 7 - سانى ، 429 - بەتتىن 443 - بەتكىچە

[37] قاھار بارات: «خىرىستىيان دىنىنىڭ شىنجاڭ دىكى تارقىلىشى ۋە ئاسارە ئەتىقىلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1986 - يىلى، 3 - سان.

[38] سىم: «تۈركچە ئىزوف مەسەللىرى پارچىسى»، «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى خاتىرىسى»، 14 - تومى، 1968 - يىلى، 45 - بەتتىن 67 - بەتكىچە.

[39] سىم: «ئاسىيادىكى ئىزوف مەسەللىرى»، «قەدىمى دەۋر»1971 - يىلى، بېرلىن، 17 - توم، 40 - بەتتىن 42 - بەتكىچە.

[40] كىلارىك: «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە نىستورى دىنى ۋە مانى دىنى پارچىسى»، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمى ژۇرنىلى» 1909 - يىلى، 1205 - بەتتىن 1208 - بەتكىچە.

[41] باڭ: «بىر پارچە تۈركچە نىستورىيان دىنى ھۆججىتى ‹سانتگىئورگىنىڭ سۆيقەستكە ئۇچرىشى› نىڭ پارچىسى»، «موزىي»، 1926 - يىلى، 39 - توم، 41 - بەتتىن 75 - بەتكىچە.

[42]قاھار بارات: «نىستورىيان دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تارقىلىشى ۋە ئاسارە ئەتىقىلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1986 - يىللىق 3 - سان، 72 - ،73 - بەت.

[43] سىم: «تۈركچە نىستورىيان دىنى ماتېرىيالى ئۈستىدە تۈلۈقلىما»، «قەدىمى شەرقشۇناسلىق تەتقاتى»، 1977 - يىلى، 5 - توم، 271 - بەتتىن 272 - بەتكىچە.

[44] ئاسمىسىن: «ئىسلام دىنى گۈللەنگەن دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدى تىلى ۋە قەدىم ئۇيغۇر تىلى - تۈركچە خىرىستىيان دىنى ۋەسىقىلىرى»، «ھىندىستان تەتقىقاتى ۋە بۇددا دىنى تەتقىقاتى - شىيې دې جوڭ پىروفېسسور خاتىرە ئىلمى ماقالىلەر توپلىمى»، كانبىررا. 1982 - يىلى ،22 - بەت .

[45]بېرنگىروس: «قارا شەھەر ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان سۈرىيە - تۈركچە ۋەسىقىلەر پارچىسى»، «شەرق نىستورىيان دىنى تەقرىزى» 30 - توم، 1935 - 1936 - يىللىرى، 3 - بەتتىن 49 - بەتكىچە.

[46]دىس: «يىگىدىن تېپىلغان ئوغۇز تارىخى شېئىرى»، بېرلىن، 1819 - يىلى؛ رىزا نۇر: «ئوغۇز كىتاپلىرى - تۈرك تارىخى»، ئىسكەندەرىيە، 1928 - يىلى.

[47] بوشخىر: «قەدىم ئۇيغۇرچە ئوغۇز خان رىۋايىتى ئىسپاتى»، «ھۆججەتلەر» 27-توم، 1930-يىلى، 247-بەتتىن 358-بەتكىچە.

[48] باڭ، رەھمەت: «ئوغۇزنامە»، «پىروسسىيە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژورنىلى»، 1932-يىلى، 25 -نومۇر، 683 -بەتتىن724 -بەتكىچە.

[49] شىرباخ: «ئوغۇز نامە»، موسكۋا، 1959-يىلى.

[50] گېڭ شىمىن: «ئوغۇز نامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى.

[51] خاۋ جۈن: «ئىدىقۇت قەدىم ئۇيغۇرچە ئەسەرلىرىنىڭ غەلبىسى»، «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ماقالىلەر توپلىمى»، 1996-يىلى، 450-بەتتىن 451-بەتكىچە

[52] بوشى: «بېرلىندىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى دىكى مۇگغۇلچە ۋەسىقىلەر»، «بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژورنىلى»، 1959-يىلى 1-نومۇر، بېرلىن، 39-بەتتىن 48-بەتكىچە.

[53] باڭ ،رەھمەت: «قەدىم تۇرپان خەلق نا خشىلىرى»، «چوڭ ئاسىيا» 1933 - يىلى، 129 -بەتتىن140-بەتكىچە.

[54] گېڭ شىمىن تەرجىمىسىدىكى«قەدىم ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى»، 25-بەتتىن 28-بەتكىچە.

[55] ئارات: «قەدىم تۈرك تىلى شېئىرلىرى توپلىمى»، 34-نومۇرلۇق ھۆججەت .

[56] گېڭ شىمىن تەرجىمىسىدىكى «قەدىم ئۇيغۇر تىلى شېئىرلار توپلىمى»، 29 -بەتتىن 32-بەتكىچە

[57] بى زوڭجىڭ: «ئىدىقۇت قەدىم ئۇيغۇر تىلى شېئىرلىرىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى» ، «شىنجاڭ مىللەتلىرى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 1985 -يىلى، 2-سانى، 43-بەت

[58] خامىلتون: «9- 10-ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلار توپلىمى»، 1-توم، پارىژ، 1986-يىلى، 77-بەتتىن 92-بەتكىچە؛

[59] نىيۇۋ رۇجى «ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى»، 1991-يىلى، 3-سان، 103-بەتتىن 107-بەتكىچە؛

[60] ياڭ فۇشۆ، نىيۇۋ رۇ جى: «قۇملۇق قەدىمكى ئۇيغۇرلىرى ۋە ۋەسىقىلەر»، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1995-يىلى، 125-بەتتىن 126-بەتكىچە، 208- بەتتىن 209 - بەتكىچە.

[61] ياڭ فۇشۆ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماقال-تەمسىللەر»، « ئىجتىمائىي پەنلەر» 1994-يىلى ،4-سان، 52-بەتتىن 54-بەتكىچە.

[62] سىم: «قەدىم ئۇيغۇرچە ‹يامارايانا› نىڭ پارچىسى»، «شەرق ئىلمى ژورنىلى»، 32-توم، 1978-يىلى، 30-بەت.

[63] جىسىل، سىم: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بەشنامە› نىڭ پارچىسى»، «تۈرك ئىلمى ژورنىلى»، 2-توم، 1970-يىلى، 32-بەتتىن 70-بەتكىچە.

[64] مۇھەممەتتۇرسۇن تۇردى: «بەشنامە ۋە ئۇيغۇرخەلق چۆچەكلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى » 1995-يىل3، -سان.

خەنزۇچە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 4- سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(ئاپتور «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، تەرجىمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئازسانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات




مىرزا ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئەمەلىي ۋەقەنى يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى باشقا مۇھەببەت تراگېدىيىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رېئالستىك ئەسەردۇر.

داستاندا نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى سەئىدىن بىلەن پۇلدار باينىڭ قىزى رابىيە ئوتتۇرىسىدىكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئۇلارنىڭ تراگېدىيەلىك تەقدىرى يېزىلغان. سەئىدىن بىلەن رابىيە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئۆز ئارا كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىدۇ. سەئىدىننىڭ دادىسى گەرچە «ئاسماندىكى ئاي» غا قولى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق ئوغلى سەئىدىننىڭ كۆڭلىنى دەپ ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارىدۇ. ياقۇپباي سەئىدىننىڭ رابىيە بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سەئىدىن ئۆيىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئىشقىي پىراق دەستىدىن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سەئىدىننىڭ ئۆلۈمى رابىيەنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئارقىدىنلا ياقۇپباي قىزى رابىيەنى مەجبۇرىي ھالدا ھەددى - ھېساپسىز پۇل - مال ئىگىسى جابىرغا ياتلىق قىلىدۇ. رابىيە توي كېچىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىدۇ، بىراق دادىسى ئۇنى جابىرنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە زورلايدۇ. ئانىسىنىڭ بولسا رابىيەنى ھىمايىسىگە ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆز ئەركىنلىكى يولىدا ھەتتا جېنىنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بۇ ئىسيانكار قىز ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. شۇنداق قىلىپ رابىيە ۋە سەئىدىننىڭ مۇھەببىتى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

قارىماققا، رابىيەنىڭ تراگېدىيەسى ئاددىيتىنىكى بىر مۇھەببەت تراگېدىيەسىدەك قىلسىمۇ، بىراق بىز داستانى ئوقۇش جەريانىدا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، نىزارىينىڭ ئۇنىڭ تراگېدىيەسىنى بىر قاتار ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى بايقايمىز. نىزارىي رابىيە تراگېدىيەسى ئارقىلىق ئاياللار مەسىلىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى

پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تېگىشلىك غايەت زور ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ياشاش هوقۇقى ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى.

نىزارىي رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، ئالدى بىلەن ئەينى دەۋردە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان فېئودال تەبىقىچىلىق ئېڭى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشىنى رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئوق يىلتىزى دەپ قارىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام قىلغان فېئوداللىق تۈزۈم ئۇيغۇر روھىيىتىدە بىر قاتار ناچار ئىللەت، زەھەرلىك چۈپلەرنى يىلتىز تارتقۇزغانىدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى دەل فېئودال تەبىقىچىلىك ئېڭى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشى ئىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ خىل فېئودال تەبىقىچىلىك ئېڭى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشى، مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھامىيلىغى ئاستىدا، جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىئولوگىيەگە ئايلانغانىدى. بۇنداق ئىدېئولوگىيە فېئودال ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە تەۋە كۆپ قىسىم كىشىلەر ۋە باي - تۆرىلەر يارىلىشىمىزدىنلا زۇۋۇلىمىز چوڭ ئۈزۈلگەن دەپ كىبىرلىپ، تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلقنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى پەس كۆرىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىلى ئەمەس دەپ قارايدىغان، ئۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىنى نومۇس ھېسابلايدىغان، ھاقارەت دەپ بىلىدىغان بىر قاتار خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، بىر قىسىم تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلقتە ئۆزلىرىنى تۇغۇلۇشىدىنلا زۇۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈلگەنلەر دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى پەس كۆرۈش، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ ھامىيلىقى ئۈستىگە دىنىي شەرىئەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان نەپسانىيەتچى موللىلارنىڭ يانتاياق بولۇشى، يولدىن چىققان دىنىي روھانىيەنچىل كۈچلەرنىڭ تەرغىباتلىرى قوشۇلۇپ، بۇ خىل ئىدېئولوگىيەنى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ قويغانىدى.

داستاندىكى پۇلخۇمار باي ياقۇپ فېئودال تەبىقىچىلىك ئېڭى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشى ئۇگە - ئۈگىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن شەخس. ئۇ ئۆزىنىڭ مەرتىۋە، ئىمتىيازىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ ۋە ئۇنى جان - جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. قىزى رابىيەنىڭ بىر يالاكتۇشنىڭ پۇشتى بولمىش سەئىدىن دېگەن گاداي بىلەن مۇھەببەتلىشىشى ياقۇپنىڭ ئوڭىدا ئەمەس چۈشىدىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، چۈنكى «مال - مېلى بىلەن، خىلى - خىلى بىلەن» دە؛ ئىبراھىم دېگەن يالاكتۇشنىڭ ئوغلى ئۈچۈن رابىيەنى سوراپ كېلىشى ياقۇپ باي ئۈچۈن قاتتىق ھاقارەت! ئەسلىدە رابىيە ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەبىقىغە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، يالاكتۇشلەرگە نەزەر كۆزىنى سالماسلىقى كېرەك؛ ياقۇپ ئەنە شۇنداق ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ سەئىدىننىڭ دادىسى ئىبراھىمنى ھاقارەتلەپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. ياقۇپنىڭ قارىشچە، رابىيە مەرتىۋە - ئىمتىيازلىق

باي - غوجاملارغا خوتۇن بولۇشنى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ياقۇپنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ، ئابرويى ئۆسىدۇ. شۇڭا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ مال - دۇنياغا ئىگە بولغان فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ يالاقچىسى بولغان جابىر رابىيەنى خوتۇنلۇققا سوراپ كەلگىنىدە، ئۇ جابىرنىڭ بىر نەچچە خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىۋالغان خوتۇنباز قېرى ئىكەنلىكى بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا رابىيەنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىدۇ.

نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنى تۈپكى نېگىز قىلغان فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمىنى شائىر رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىدىن يەنە بىرى دەپ قارىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيەگە ئايلانغان فېئودال تەبىقىچىلىك ئېڭى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشىغا ماس ھالدا نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمىنى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنى تۈپكى نېگىز قىلغان فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇنداق ئائىلە تۈزۈمى شارائىتىدا پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانا بولغۇچى، تېخىمۇ توغرىسى ئاتا بولغۇچى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولاتتى. مۇھەببەت - نىكاھ ئىشلىرىدا پەرزەنتلەر پۈتۈنلەي ئەركىسىز ھالەتتە بولۇپ، ھەممىدە ئائىلە باشلىقىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. ئائىلە ئىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي ھاكىممۇتلەق ئەرنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى، بۇ خىلدىكى ئائىلە تۈزۈمى مۇھىتىدا خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن ئائىلە باشلىقى بولمىش ئەرنىڭ ھۆكۈمىگە قۇللارچە ئىتائەت قىلىش باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت ھېسابلىناتتى.

بۇنداق نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقى فېئودال ھۆكۈمرانلار قاتلىمىغا تەئەللۇق بولغان ياقۇپ باينىڭ ئىدىيەسىدە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياقۇپباي رابىيەنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ئىشىدا رابىيەنىڭ كۆڭۈل رايى، ئوي خىيالى بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، بۇ ئىشتا پۈتۈنلەي ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن يول تۇتۇپ، قىزىنىڭ توي ئىشىنى يۇقىرىغا يامىشىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىپ، قىزىنىڭ ھاياتىنى، بەختىنى، تەقدىرىنى دوغا تىكىدۇ. ئۇ يەنە تېخى قىزى رابىيە توي كېچىسى جابىرنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا «بالام بولساڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ دەرھال كۈيەۋ جابىرنىڭ ئۆيىگە قايت، بولمىسا ھالاك قىلىمەن»① دەپ تەھدىت سالىدۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك يەنە ئەرلىك ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئىشقا سېلىپ، خوتۇنىغىمۇ بېسىم ئىشلىتىپ:

قوشۇپ بەر قىزىڭنى كۈيەۋگە بۈگۈن
تاياق زەخمى ئەيلە ئەگەر قىلسە ئۈن

...

قاچان قىلماسە ئول سۆزۈڭنى قەبۇل
نەلەر كۆرگۈڭ ئىككىڭ، ئاڭا ھازىر ئول②

دەپ ھەيۋە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ، ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنىڭ قاتتىق تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن رابىيە ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، رابىيە نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نىزارىي ياقۇپباي روھىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى

چىرمىشۋالغان فېئودال تەبىقىچىلىك ئېكى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشى بىلەن نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنى تۈپكى نىگىز قىلغان فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمىنى رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى ئىدى دەپ بىلدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، نىزارىي بۇ خىل فېئودال تەبىقىچىلىك ئېكى — فېئوداللىق دەرىجە قارىشى ۋە نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنى تۈپكى نىگىز قىلغان فېئوداللىق ئائىلە قارىشىنىڭ تۈپ يىلتىزى فېئودالىزم جەمئىيىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەنبەسىنى فېئودالىزم تۈزۈمىدىن ئىزدەش ئەقىلغە تولىمۇ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىدى. نىزارىي يەنە، ئەينى زامان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر قاتار پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلارنىمۇ رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى دەپ قارىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇۋاتقان دىنىي ئېتىقادلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى دىنىي ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلار ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ خىلدىكى پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلار قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى بوغۇپ تۇنجۇقتۇرغۇچى ئادەت كۈچىگە ئايلانغانىدى. نەتىجىدە قىز - يىگىتلەر ئارىسىدىكى ئەركىن مۇھەببەت ئىستەكلىرى بوغۇلدى، ئەركىن مۇھەببەت شەرمى - ھايانى بۇزۇش دەپ قارىلىپ ئەيىبلەندى. ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت قەلبىدە بىخ سۈرگەنلەر بولسا «ئىشقىي - مۇھەببەتنى پىنھان تۇتۇش»قا مەجبۇر بولدى. سەئىدىنىگە ئوخشاش ئىشق - مۇھەببەت قەلبىدە كۆۋەجەپ تۇرغان، بىراق مۇراد - مەقسىدىگە يېتەلمىگەنلەر ئۈچۈن بىردىن - بىر توغرا يول «دىل پىكرىنى ئاللاغا بايان قىلىپ، مازار، ماشايىخلارغا تېۋىنىپ يىغلاپ، ئۇلاردىن روھىي مەدەت تىلەش» ھېسابلىناتتى، «ئاشىق - مەشۇقلار بۇ ئالەمدە مۇراد - مەقسەدلىرىگە يېتەلمەسىمۇ، ئۇ ئالەمدە پەرىشتىلەر توپىنى قىلارمىش» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار تەرغىباتلار ياشلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلاردا تەقدىرگە تەن بېرىش، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا پەرۋاسىز قاراشتەك بىر قاتار پىسخىك ئالاھىدىلىكلەرنى روياپقا چىقاردى. داستاندىكى سەئىدىن مانا مۇشۇ خىلدىكى پاسسىپ ئەخلاقىي قاراشلار مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان شەخس. ئۇنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى رابىيەگە باغلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دادىللىق بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ۋە دادىسىنى ئەلچىلىككە سېلىپ، ئۆز ئىسيانكارلىقىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ، نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمىگە ۋە فېئودال تەبىقە ئايرىمىچىلىقىغا جەڭ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ۋاھالەنكى ئۇنىڭ ھەققانىي مۇھەببەت تەلپىنىڭ ياقۇپباي تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىرادىسى سۇنىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ رابىيەگە ئۆيلىنىش خىيالىدىن ۋاز كېچىش ھەققىدىكى دالالەتلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، رابىيەگە بولغان ۋاپادارلىق ھەم ساداقىتىنى نامايەن قىلىدۇ - يۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىشنى بولدى قىلىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشى تەركىي دۇنيا بولۇپ، مازار - ماشايىخلاردىن ئۆزىگە

مەدەت تىلەشتىن ئىبارەتلا بولىدۇ، خالاس. ئۇ مۇشۇ تەرزدە ئۆز ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ روھىيىتىنى چىرماپ، كىشەنلەپ تۇرغان پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلار ئۇنىڭ ئۇيغىنىشىغا زادىلا ئىمكان بەرمەيدۇ. ئۇنى ئارمانى بار، ئەمما ئارمانىغا چۇشلۇق دەرمانى يوق، تەقدىرگە ھېچبىر قارشىلىقسىزلا، تەدبىرسىزلا تەن بېرىدىغان بىر شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. سەئىدىن خاراكتېرىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغان بۇنداق زەئىپلىك ئۇنى ئويغىنىش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، بىچارىلەرچە ئۆلۈم يولىغا ئىتتىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رابىيەنىڭ ئۆلمىنىمۇ تېزلىتىدۇ.

نىزارىي تەسۋىرلىگەن رابىيە تەقدىرچىلىك قاراشلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۆزۈل - كېسىل ئازاد بولغان، مۇرەسسەسىز ئىسيانكارلىق روھىغا ۋە سۇنماس ئىرادىگە ئىگە قەھرىمان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەردانىلەرچە ئۆلۈمى ئارقىلىق تەقدىرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش، مۇرەسسەسىز ئىسيان كۆتۈرۈش روھىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە نامايان قىلغان قىز. بىراق، شائىر رابىيەنىڭ ئېغىر پاجىئەگە يولۇقۇشىنىڭ رابىيە پسخىكىسىدىكى ئەينى دەۋردىكى پاسسىپ، چۈشكۈن دىنىي قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالماسلىقتەك ئاجىزلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. تېخىمۇ ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇ ئۆز سۆيگۈنى سەئىدىنىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان رابىيەنىڭ ئۆلۈم يولىنى تاللىشىدا «ئاشىق - مەشۇقلار بۇ ئالەمدە مۇراد - مەقسەدلىرىگە يېتەلمەسمىش، ئۇ ئالەمدە پەرىشتىلەر تويىنى قىلارمىش» دېگەندىن ئىبارەت دىنىي ئەقىدىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان دەپ قارىمايدۇ، شۇڭا شائىر ئەينى زاماندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر قاتار پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلارنى رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ۋاستىلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى دەپ بىلدى.

نىزارىي رابىيەنىڭ ئانىسىنىڭ روھىيىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان قۇللارچە ئىتائەتمەنلىكنى رابىيە تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر ئامىل دەپ ھېسابلىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى «خوتۇن ئۇچۇن ئەرنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپتۇر، ئەرنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقىش گۇناھلىق ئىشتۇر، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئىككىنچى خۇداسى...» دېگەندىن ئىبارەت قاراشنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئايال، ئۇ ئېرى ياقۇپنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئالدىدا — مال - دۇنيا، ئابروي ئۇچۇن قىزىنى دوغا تىكىشلىرى، قىزىغا گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ ھالاك قىلىمەن دەپ تەھدىت سېلىشلىرى، ئۆزىگە ھەيۋە قىلىشلىرى ئالدىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن سۈكۈت قىلىدۇ، بىچارىلەرچە ياش تۆكۈدۇ، بىراق جان - جىگىرى، يۈرەك پارىسى رابىيەنى تىراگېدىيەلىك تەقدىرنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەيدۇ، بەلكى:

بارماساڭ بەر جەۋابىن ماڭا
قالسۇن ئەمدى بۇ ئالەم ساڭا» ③

دەپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېرىگە يانتاياق بولۇپ رابىيەنى تىراگېدىيەلىك تەقدىر — ئۆلۈمگە قىستايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نىزارىي داستاندا رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەلىرىنى ئاساسلىق ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆز

ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان فېئودال تەبىقىچىلىك ئېكى ـــ فېئوداللىق دەرىجە قارىشىدىن، نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقىنى تۈپكى نېگىز قىلغان فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمىدىن، ئەينى زامان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر قاتار پاسسىپ ئەخلاقىي - دىنىي قاراشلاردىن ھەمدە رابىيەنىڭ ئانىسىنىڭ روھىيىتىدىكى قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك پسىخىكىسى قاتارلىقلاردىن ئىزدىدى.

نىزارىي ئەسەردە بىر ئەدىبكە خاس بەدىئىي سەزگۈرلۈك بىلەن جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغان ئاياللارنى تاۋار ھېسابلاش، يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ بىلىش، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە ياشاش ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشتەك زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى يورۇتۇش ئارقىلىق، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش جېنى، قېنى بار، ياشاش ئىستىكى بار ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى جەمئىيەتكە تونۇتتى. شائىر ئاياللار تىراگېدىيەسىنىڭ يىلتىزىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى قانداقتۇر ۋەز - نەسىھەت قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ۋەقەلەرگە، بولۇپمۇ، ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئارزۇ - تەلىپى بولغان مۇھەببەت - نىكاھ ئەركىنلىكى، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىنتىلىشلىرى ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلغۇدەك، ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك ھالەتتە ئىپادىلىدى. نىزارىي رابىيەنىڭ پاجىئەسىنى بايان قىلغاندا قانداقتۇر، ياندىن بايان قىلغۇچى ھېسابىدا ئوتتۇرىغا چىقماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ نېمىنى تەكىتلەپ، نېمىنى سۆكمەكچى بولغانلىقىنى، نېمىنى ئىنكار قىلىپ، نېمىنى تەشەببۇس قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. رابىيەنىڭ ئىچكى ئىزتىراپلىرىنى، روھىي بېسىملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ رابىيەگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغاتتى.

نىزارىي رابىيە پاجىئەسى ئارقىلىق فېئودال ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكنى بوغقۇچى كىشەن ئىكەنلىكىنى، بۇ تۈزۈمنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەدەپ، دىيانەت، ئەخلاق دېگەنلەرنىڭ پەقەت ئاجىزلارنى كونترول قىلىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

«رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئەمەلىيەتتە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى، ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىقى قارشى ۋە بىر قىسىم قالاق ئادەت قاراشلىرىنىڭ نىزارىي قەلىمى ئارقىلىق ئىنكار قىلىنىشىدۇر.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئەمەلىي ۋەقەلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇش بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.

①، ②، ③ ئابدۇرېھىم نىزارىي:«نىزارىي داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 523 -، 534 - 535 - بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مۇھەررىر ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات




## يىگىت لەۋزى

بېكتۆمۈردىن سەبزىۋارغا يېتىپ كېلىپ، تونۇش توققۇز قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدۇق.

- لىفىت نورمال ئىشلىمەيدۇ، - دېدى رەۋشەن ئاكا. ئۇ تۇرسۇنباي ئاكىنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن ئىدى. رەۋشەن ئاكىنىڭ باللار ئۈچۈن يازغان شېئىر ۋە داستانلىرى كۆپرەك نام قازىنىپ، بۇ ساھەدە ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلىگىنىنى بىز بىر جەھەتتىن ئۇستاز تۇرسۇنباي ئاداشبايېۋنىڭ ئىجابىي تەسىرى ۋە غەمخورلۇقىدىن دەپ بىلەتتۇق.

- تۇرسۇنباي ئاكا شاگىرتلىرىمىنىڭ ماھارىتىنى بىر سىناي دەپ، بىزنى ئاتايىن لىفىت ئىشلىمەيدىغان كۈنلەردە چاقىرسا كېرەك، - دېدى رەسسام دوستىمىز ئابدۇساتتار. تەسۋىرى سەنئەت بىلەن بىرگە ئۇ شېئىرىيەتكىمۇ ئاشىق ئىدى. ئۆزى يازغان شېئىرلارنىڭ كۆپىنى ياد بىلگەچكە يىغىن - سۆھبەتلىرىمىزدە ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇتۇپ تۇراتتۇق.

توققۇزىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلگەن ۋاقتىمىزدا «ئاسمان پەلەك»كە ھەر كۈنى چىقىپ - چۈشىدىغان تۇرسۇنباي ئاكىغا قايىل ئىكەنلىكىمىزنى بىر - بىرىمىزگە ئېيتىشتۇق.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇستاز شائىر يۇقىرى قەۋەتتىكى ئىككى خانىلىق ئۆيدە يالغۇز ياشىماقتا ئىدى. ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ۋاپات بولغان، بالا - چاقىلىرى ئانا يۇرتى بولغان ئوش ۋىلايىتىدە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كېتىشكەن. ئەمما «يالغۇز» سۆزى تۇرسۇنباي ئاكىغا ئۇنچە ماس كەلمەيدۇ. پەرزەنتلىرى، قەدىردانلىرى، شاگىرتلىرى يوقلاپ تۇرىشىدۇ. بىر مۇددەت كەلمەي قالسا ئۇستاز ئۆزى سېغىنىپ

چاقىرتىدۇ. ئىجادكارلىقى تۇپەيلى ئۇنىڭ بىر پۈتى تاشكەنتتە بولسا، بىر پۈتى ئوشتا. ئىككى خەلق — ئۆزبېك ۋە قىرغىزلارغا بىردەك سۆيۈملۈك، ئۇلارنى باغلاپ تۇرغان مەدەنىيەت كۆۋرۈكىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇ جەھەتتىن ئۇنى ئۇستاز مىر تۆمۈر ئاكىغا ئوخشاتساق ئەسلا مۇبالىغە بولمايتتى.

ئادەتتىكىدەك ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن دەھلىزگە كىردۇق. ئۇستاز خانىدا كۆرۈنمىگەچكە ئۇنى چاقىردۇق.

- خانىغا كىرىۋېرىڭلار، - ئاشخانا تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى، - گۆرۈچ يۇيۇۋاتىمەن.

- دېۋزىرە گۈرۈچمۇ ئىشقىلىپ، ئۇستاز؟ - قۇۋلۇق بىلەن سورىدى ئابدۇساتتار. ئۇنىڭ بىلىپ تۇرۇپ سورىغىنىدىن گۈررىدە كۈلۈپ كەتتۇق ۋە خانىغا كىردۇق. خانىدىكى ئاددىيغىنە سەرەمجانلار بىزگە ياد بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىكى بىر يېڭىلىق دەرھال دىققىتىمىزنى تارتتى. ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇدۇلدىكى تامدىن رامكىغا ئېلىنغان ئايالنىڭ سۈرىتى مۆلايىم بېقىپ تۇراتتى. ئۇ گويا «خۇش كېلىپسىزلەر» دەۋاتقاندەك ئىدى. رەۋشەن ئاكىغا سوئال نەزىرىمىز بىلەن قارىغىنىمىزدا ئۇ پەرزىمىزنى تەستىقلىدى:

- ھە، بۇ كىشى مەرھۇمە يەڭگىمىز، ئوشتا مەن بىر نەچچە يىل بىرگە ئىشلىگەن. بىزنىڭ سۈرەتتىن خىلىغىچە كۆزىمىزنى ئۈزەلمىگىنىمىزنى ئابدۇساتتار مەمنۇن ھېجىيىپ كۆزىتىپ تۇراتتى.

- بۇ سۈرەت سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ؟ - سورىدىم مەن، - ياق، كەچۈرىسىز، ئىش ئەمەس، سەنئىتىڭىزمۇ؟

- ھە، كەمىنىنىڭ كەمتەرىن ئىشى بۇ، - دېدى ئۇ ئېغىزى قۇلىقىغا يەتكىدەك بولۇپ.

بۇ ئەسنادا تۇرسۇنباي ئاكا ئاشخانا ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى. ئولتۇرۇپ فاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇستاز يېقىندا سەپەردىن قايتقىنىنى، قوشنا قىرغىزىستاندىكى مەدەنىي ھايات، ئۇ يەردىكى قىرغىز ۋە ئۆزبېك ئىجادكارلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ، ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىنىڭ بەزىلىرىنى «سىلەرمۇ ئوقۇپ كۆرۈڭلار» ، دەپ بىزگە بەردى.

- مانا بۇ سىزگە، غۇلامجان، - دەپ بىر نەچچە ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى كىتابنى ماڭا ئۇزاتتى، - بەزى يۇرتداشلىرىمىز ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى كىتابلارنى تېپىپ «قەدىرىگە يېتىدىغان ئادەم» دەپ ماڭا ئېلىپ كېلىشىدۇ. بەزىلىرى خېلىلا كونىراپ قالغان. ئەپسۇسكى ئۆزۈم ئانچە ئوقۇيالمايمەن. سىزنىڭ كەسپىڭىز بولسا قوليازماشۇناسلىق، شۇنداق ئىكەن بۇ كىتابلارنىڭ سىزدە تۇرغىنى ياخشى.

كىتابلارنى ئېلىپ بىر تەرەپكە قويۇلغان يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بىرنەچچە قولىيازما ۋە تاش باسما كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. «قۇرئان كەرىم» نىڭ بەزى سۈرىلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى، ھافىز دىۋانى، سوپى ئاللايار كىتابى - بۇلار تونۇش ئەسەرلەر. بىر نەچچە ۋارىقىغا ساقلىنىپ قالغان ئۆزبېك تىلىدىكى غەزەللەر قولىيازمىسىدا سادايى تەخەللۇسى ئىتىبارىمنى تارتتى.

- كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ئارىسىدا مەن ئەڭ ئاۋۋال سادايى نامىنى ئۇچراتقان ئىدىم. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابتىن بىر نەچچە ۋاراق قاپتۇ. بىر ئىزدىنىپ كۆرۈش كېرەك. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار خەزىنىسىدىن ئەسەرلەرنىڭ باشقا نۇسخىلىرى

چىقىپ قىلىشى مۇمكىن.

-مەنمۇ بۇنداق شائىرنى ئاڭلىغانىدىم، ئەجەب ئەمەس، مىراسىدىن يەنە نەمۇنىلەر تېپىلىپ نامى ۋە ئىجادى يورۇقلۇققا چىقسا،-دېدى تۇرسۇنباي ئاكا ھەدىيە قىلغان كىتابلىرى كەمىنىدە ناھايىتى تېزلا ئىزدىنىش ئىستىكىنى ئويغاتقىنىدىن خۇرسەن بولۇپ.

-سىز ھەدىيە قىلغان كىتابلارنى ئىشكاپىڭىز ئالاھىدە بۆلۈمگە قويۇپ «تۇرسۇنباي ئاداشباىيۇ تۆھپىسى» دەپ يېزىلغان لەۋھە ئېسىپ قويمىسام بولمايدۇ،-دېدىم يېرىم ھەزىل، يېرىم چىن تەرزدە.

ئۇستاز يەنە ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتكەچكە، بىز قىرغىزىستاندىن ئېلىپ كەلگەن، ئۆزبېكىستان نەشرىياتلىرىدا چىققان باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. تۇرسۇنباي ئاكا لاتىن ئېلىپبەسىدە نەشر قىلىنغان «ئارزۇلىرىم - قوش قاناتىم» ناملىق كىتابىدىن ھەر بىرىمىزگە سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابنى باللىرىمىز، ئۇلاردىن ئېلىپ ساۋاقداشلىرىمۇ ئوقۇشاتتى. ئەجەبكى، ئۆزىمىزمۇ باللىقتا باشقا باللار شائىرلىرى قاتارى تۇرسۇنباي ئاكىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ چوڭ بولغانىمىز. بولۇپمۇ «ئارسلان باب شەرشەرىسى» ساۋادىم چىققاندىن كېيىن مەن ئوقۇپ چىققان تۇنجى كىتابلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىللىق تەسراتلارغا چۆمۈلۈپ، خاتىرەمگە مۆھۈرلىنىپ قالغان. ۋاراقلىرى رەڭدار ۋە رەسىملىك شېئىر كىتاب شۇ چاغدا قىشلاق باللىرى ئۈچۈن كەمچىل. ئاتا - ئانام «ئېلىپبە» ۋە «ئوقۇش كىتابى» نى تۈگەتكەندىن كېيىن ماڭا ئېلىپ بەرگەن دەسلەپكى ئىككى كىتابنىڭ بىرى شۇ ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئاشۇ كىتاب مۇئەللىپى ھوزۇرىدىمىز. ئۇنىڭ بىلەن ئاي ئۆتمەي ئۈچرىشىپ تۇرىمىز. «ئۇستاز» دەپ ئېھتىرام كۆرسەتسەك، ئۇ كىشى «سىلەرمۇ ماڭا ئۇستاز سىلەر» دەپ كەمتەرلىك قىلىدۇ.

تۇرسۇنباي ئاكا گۈرۈچنى دۆملەپ قويۇپ كىردى. قەدەھ سۆزىدە دەسلەپتىلا تۇرسۇنباي ئاكىنىڭ مەرھۇمە ئايالىنىڭ سۈرىتىنى سىزغان ئابدۇساتتار شەنگە مەدھىيلەر ئېيتتۇق.

-سىز شۇ سۈرەتنى ئەكىلىپ بەرگەندە، ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم،-دېدى تۇرسۇنباي ئاكا ئابدۇساتتارغا،- فوتۇ سۈرەت ئاساسىدا شۇنداق ئاجايىپ رەسىم ئىشلەپسىز. قولىڭىز ھېچقاچان دەرد كۆرمىسۇن.

-سىزنۇۋېتىپ ئۆزۈممۇ يىغلىدىم،-دېدى ئابدۇساتتار،-رەسىمگە سېھرىلىنىش دەرىجىسىدە تىكىلىپ تاماشا قىلغان كېلىنىڭىزگە بۇ ئايال بىزگە ۋىلايەتداش ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا قۇۋىنىپ كېتىپ: «ئۆزۈمگىمۇ بۇ ئايالنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك تۇيۇلىۋىدى، كىم بولىدۇ بۇ كىشى؟ ھازىر تاشكەنتتە تۇرامدۇ؟» دەپ سورىدى. «تۇرسۇنباي ئاكىنىڭ مەرھۇم ئايالى بولىدۇ» دېسەم ئۇمۇ يىغلاپ كەتتى.

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىز بوزۇلۇپ كۆزلىرىمىز نەملەندى. سۈرەتتىن مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغان نىگاھ بىزگە تەسەللى بەرگەندەك ئىدى.

-كاتتا ئىجادكار بولغىنىمىزنىڭ سىرلىرى ئەمدى ئايان بولماقتا،-دېدىم تۇرسۇنباي ئاكىغا جىندەك ھەزىل قىلىپ،-يەڭگىمىزدەك ئايال سىزگە ئۆمۈر يولدىشى ۋە ئىلھام پەرىسى بولغىنى كۆپلىگەن ئىجادىي مۇۋاپىقىيەتلىرىڭىزگە ئىلھام بولغىنى شۈبھىسىز. ئەمدى سىر بولمىسا، تۇنجى قېتىم تونۇشقىنىڭىز، بۇنداق ھۆرلىقاغا قانداق

ئىرىشكىنىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

- ئۇ ۋاقىتتا مېنى بىشكەككە - قىرغىزىستاندا چىقىدىغان ئۆزبېكچە گېزىت «قىرغىزىستان ھەققىتى» تەھرىراتىغا خىزمەتكە ئەۋەتكەنىدى. سالامەتخان تەھرىرات باسمىخانىسىدا ھەرپ تىزغۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇ كەسىپكە قىزىقىپ قالغانلىق تارىخىنى ماڭا ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن. كېيىن ئۇلار سەككىزىنچى سىنىپتىلا ئوقۇغۇچىلارنى باسمىخانىغا ئېكسكۇرسىيەگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بۇ يەردىكى ئىش جەريانىنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. ياش قىزغا ماشىنكىدا ھەرپ تىزىش پىئانىنو چېلىشنى ئەسلىتىپ يېقىپ قاپتۇ. بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە پىئانىنو بولۇپ، ئۇلارنىڭكىگە ھەر بارغىنىدا سالامەتخان پىئانىنو چېلىنغاندا زوق بىلەن ئاڭلايدىكەن. بەزىدە ئۆزىمۇ ھەۋەس قىلىپ پىئانىنو تىللىرىنى بېسىپ باقىدىكەن. ئۆزى پىئانىنوچى بولۇشنى، پىئانىنو چېلىشنى ئۆگىنىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئەمما كۆپ باللىق ئائىلىدە بۇنىڭغا پۇل قاياقتا دەيسىلەر. باسمىخانىدىكى ھەرپ تىزىش ماشىنىسى پىئانىنوغا ئوخشىغىنى ئۈچۈن شۇ كەسىپكە مېھرى چۈشۈپ، سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گېزىتخانىغا ھەرپ تىزغۇچى بولۇپ خىزمەتكە چۈشۈپتۇ ۋە روزا دېگەن رۇس ئايالدىن ھەرپ تېزىشنى ئۆگىنىپتۇ. پىئانىنو چېلىش ئارزۇسىدىن تۇغۇلغان بارچە مېھرىنى بۇ ئىشقا بېرىپ، ئاز مۇددەتتە ماھىر ھەرپ تىزغۇچىغا ئايلىنىپ، كەسىپكە ئىخلاس قويۇپ، بەزى تېكىستلەردە خاتالارنى كۆرۈپ قالسا، مۇئەللىپلەرنى ئايىماي ئەيىپلەيدىغان بوپتۇ.

- ئەسلىدە تېكىستلەرنى تەكشۈرۈش ۋە خاتالارنى تۈزىتىش ھەرپ تىزغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، - سۆزگە ئارىلاشتى رەۋشەن ئاكا، - شۇنىڭغا قارىماي سالامەتخاننىڭ خاتالارنى كۆرسىتىشىدىن ھېچكىم رەنجىمەي، دائىم ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشاتتى.

- ئۇ تېخى ياش قىز، - سۆزىنى داۋام قىلدى تۇرسۇنباي ئاكا، - ئائىلىسى ياشايدىغان ئۇيغۇرلار مەھەللىسى (جوڭگودىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ياشايدىغان مەھەللە شۇنداق ئاتىلاتتى) گېزىتخانىدىن يىراق بولغاچقا، مەن كۆپىنچە ئىشتىن كەچ قايتقىنىمىزدا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتىم، شۇنداق قىلىپ يېقىنلىشىپ قالدۇق.

- ياش ۋە چىرايلىق قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى دەۋا قىلىدىغانلار پەقەت سىزلا بولمىغاندۇرسىز ئەلۋەتتە، - دېدىم مەن.

- ھە، باشقىلارمۇ «بىز ئاپىرىپ قويايلى» دېگەندە سالامەتخان «تۇرسۇنباي ئاكام ئاپىرىپ قويىمەن دېگەن» دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلغان. سالامەتخان ئەدەبىيات، بولۇپمۇ شېئىرنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ كۈنى چىقىرىلىدىغان گېزىتنىڭ ئازغىنە جايى بوش قالسا باش مۇھەررىر ماڭا: «قېنى شائىر، ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ. پالان مەزمۇندا شېئىر يېزىڭ، سالامەتخان توغرىدىن - توغرا تىزسۇن، ۋاقىت قىس» دەيتتى. مەن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ نەق مەيداندىلا شېئىر توقۇيتتىم. يېڭى شېئىر قەغەزگە يېزىلماستىن تۇرۇپ گېزىت سەھىپىسىگە چۈشەتتى. ماقالىلەرگە شائىرانە سەرلەۋھەلەر لازىم بولغاندىمۇ ئۇنى ماڭا بۇيرۇشاتتى...

سالامەتخاننى ھەر قېتىم مەھەللىسىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىشىمدا كۆڭلۈم بىر خىل يېرىم بولۇپ قالاتتى. يولنىڭ تېز تۈگەپ كەتكىنىدىن ئەپسۇسلىناتتىم. بىر كۈنى شۇنداق خۇشال ئويلارغا بېرىلىپ قايتىۋاتقىنىمدا يولۇمنى ئۈچ ئۇيغۇر يىگىتى توستى. ئۇلار جىسمانى جەھەتتىن بەقۇۋۋەت، ئاۋازلىرىمۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. مەن

ئىختىيارسىز توختىدىم. ئەمما مۇتلەق قورقمىغىنىمغا ھازىرغىچە ھەيران قالىمەن. كۆڭلۈم سالامەتخان ھەققىدىكى ئويلارغا لىق تولغان بولۇپ، باشقا تۇيغۇلارغا جاي قالمىغانلىقتىن شۇنداق بولغاندۇر،. ئىھتىمال. يىگىتلەردىن بەستلىكرەك كەلگىنى ئالدىمغا كېلىپ توختىدى ۋە قوپال ئاھاڭدا دېدى: «خوش شائىر، مەھەللىمىزنىڭ قىزىغا نېمانچە ئەگىشىپ قالدىڭ؟ مەقسىتىڭ نېمە؟». شائىر دېگىنىدىن بىلدىمكى، مەن ئۇلارنى تونىمىساممۇ ئۇلار مەن ھەققىدە زۆرۈر مەلۇماتلارنى توپلاپ ئۈلگۈرىشىپتۇ. ئەمما ئۇلار كىملەر؟ بىرەرسىنىڭ سالامەتخانغا كۆڭلى چۈشكەنمۇ؟ ياكى بىرەرسى بىلەن سالامەتخاننى ئۇناشتۇرۇپ قويغانمۇ؟... بۇ ئويى كاللامغا كېلىشى بىلەنلا كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. «بىز بىرگە ئىشلەيمىز، ئىشتىن كەچ قايتقىنىمىزدا قىز بالا بولغىنى ئۈچۈن مەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەن» دېدىم. «بىزنى ئالدىما، ئەگەر جىنىڭدىن ئۈمىدىڭ بولسا، بىزگە راستىڭنى ئېيت! «ئاپىرىپ قويىمەن» دېسەڭ سالامەتخان ئىشخانىدىكى يالغۇز قىز ئەمەسقۇ؟» دېيىشتى ئۇلار. مەن گويا ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، دەردلىرىمنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم تېپىلغىنىدىن خۇش بولغاندەك جاۋاب بەردىم: «مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا ئادەم قويۇپ ئۆيلىنىش نىيىتىم بار. ئەمما ھازىرغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلمەيمەن. چۈنكى ئۇزىگە بۇ توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمىگەنمەن».

كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئېيتىۋالغاچقا يەڭگىل نەپەس ئالدىم. سالامەتخانغا ئېيتالمىغان مۇھەببەت ئىزھارلىرىمنى ئۇنىڭغا مەھەللىداش يىگىتلەرگە ئېيتىپ سالغان ئىدىم. ئەمدى ئاشكارا بولغان مۇھەببىتىمدىن غۇرۇرلىنىپ، يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە تىك باقاتتىم. كۈتۈلمىگەندە، مېنىڭ سۆزلىرىم تەسىر قىلغان چېغى، بەستلىك يىگىت كۈلۈمسىرىدى: «قىزنى ئاپىرىپ قويۇپ كەچتە يالغۇز قايتىشتىن قورقماپسەنۇ، سۆيگۈڭنى ئىزھار قىلىشتىن قورقۇپسەن. ھە، مەيلى، بىر يىگىتنىڭ بىر قىزنى سۆيۈشكە ھەققى بار، پەقەت ئۇ ئۆز سۆيگۈسىگە بىر ئۆمۈر ۋاپادار بولسا. نىيىتىڭ شۇ بولسا ئامەت ساڭا يار بولسۇن! ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەھەللىگە تىنچ كېلىپ ـ قايتىشىڭ ئۈچۈن سەن بىزگە ۋەدە بەر. ئاتا ـ ئانىسى رىزالىق بەرسە ئۆيلىنىپ بىر ئۆمۈر ۋاپادار ئەر بولىشىڭ ھەققىدە بىزگە ۋەدە بەر!». «ۋەدە بېرىمەن» دېدىم مەن. «شائىر بولسا يېزىپ بەرسۇن» دېدى شۇ پەيتكىچە ئۈندىمەي تۇرغان بىرسى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن مېنى دۇمبالاش ئۈمىدىدە كەلگەن، ئىشنىڭ تىنچ پۈتكىنىدىن نارازىدەك ئىدى. «ئۆيغۇرچە يېزىشنى بىلمەسەن؟» سوراشتى مەندىن. «ياق، سىلەر يېزىپ بېرىڭلار، مەن قول قوياي» دېدىم. قەسەمياد سۆزلىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېزىلدى. مەن بەجاندىل ئىمزا قويدۇم. گويا سىياھ ئورنىغا يۈرەك قېنىم تامغاندەك ئىدى. ئۇلار «ئەمدى يىگىت لەۋزىگە سادىق بول، يىگىتنىڭ لەۋزى ئۇلۇغ. لەۋزىگە خىيانەت قىلغىنى ئۇنىڭ ئۆلگىنىدۇر» دەپ مەن بىلەن تىنچ خەيرلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ مەھەللىگە ئەركىن كېلىپ ـ كېتىدىغان بولدۇم. ھەتتا بەزىدە ئادەملەرنىڭ مەن ھەققىمدە: «شائىر يىگىت، بولغۇسى كۈيئوغۇل» دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. دۇنيادا مەندىن بەختلىك ئادەم يوق ئىدى. ھەئە، سالامەتخان بىلەن بىرگە بولغان يىللىرىم ھاياتىمنىڭ ئەڭ بەختىيار چاغلىرى ئىدى...ئۆزىر، بۇ ھەقتە شۇ پەيتكىچە ھېچكىمگە سۆزلىمىگەن ئىدىم. بۈگۈن ئابدۇساتتار سىزغان رەسىم سەۋەب بولۇپ ھەم سىلەر سورىغىنىڭلار ئۈچۈن كۆڭلۈم تۈۋىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەسلىملىرىمنى بايان

قىلدىم.

بۇ ئەسلىمىلەرنى كولاشتۇرغان بىرىنچى ئەيىدار بولغىنىم ئۈچۈن گەپنى بىر مۇددەت باشقا تېمىغا بۇراشقا ئۇرۇندۇم:

-مانا شۇ دېۋزىرە گۈرۈچنى پەرغانە ۋادىسىدىن باشقا جايدا ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمما 17- ئەسىردە ھىندىستاننىڭ بىر ۋىلايىتىدە بۇ گۈرۈچ ئۆستۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ مەلۇماتنى مەن مەھمۇد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇلئەسرار»، يەنى «سىرلار دېڭىزى» ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىدا ئۇچراتتىم. ئاشۇ پەيتكىچە شۆھرەتلىك گۈرۈچ بولسا كېرەك، ئالاھىدە تەكىتلەپ يېزىپتۇ.

-ھىندىستانغا ئۇنى بابۇر ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن،-مۇلاھىزە يۈرگۈزدى ئابدۇساتتار،-بابۇرنىڭ پەرغانىنىڭ مېۋە، زىرائەتلىرىنى ھىندىستاندا ئۆستۈرۈشكە كاتتا ئېتىبار بەرگىنى مەلۇم. ئاشۇ ۋىلايەتنىڭ ئىقلىمى دېۋزىرە گۈرۈچىگە ماس كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال.

غىزادىن كېيىن بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزغا كۆرە تۇرسۇنباي ئاكا ھېكايىسىنى داۋام ئەتتۈردى:

-ئۆزبېكلەرنىڭ ئاساسەن ئوش ۋە جالالئاباد ۋىلايەتلىرىدە ياشايدىغانلىقى ھېسابقا ئېلىنىپ، ئۆزبېك تىلىدىكى گېزىت تەھرىراتى ئوشقا كۆچۈرۈلگىنىدە ئۆز كەسپىگە مېھىر قويغان سالامەتخانمۇ ئوشقا كۆچۈپ كەلدى. بۇ چاغدا ئانىسى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئاتىسى قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئوغۇللىرى بولسىمۇ، ئۇمۇ سالامەتخان بىلەن بىرگە ئوشقا كەلدى. توي قىلدۇق، ئائىلىمىز يېڭى بولسىمۇ ماددىي جەھەتتىن ياخشى ياشىدۇق. چۈنكى ئەمدى سالامەتخان ئۆز كەسپىدە ئۇستاز بولۇپ، ئۆزبېك، قىرغىز، رۇس تىلىدىكى تېكىستلەرنى ئەلا دەرىجىدە تىزىپ، خېلى كۆپ مائاش ئالاتتى. شۇ سەۋەبلىك مەن باشقا مۇخبىرلارغا ئوخشاش ۋاقتىمنى تىنىمسىز خەۋەر ۋە ئاخباراتلار يېزىپ قەلەم ھەققىمنى كۆپەيتىشكە سەرپلىمەستىن، ئۆز بېك، قىرغىز، رۇس ۋە جاھان بالىلار ئەدەبىياتىنى ئىمكانقەدەر چوڭقۇرراق مۇتالىئە قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىشقا تىرىشاتتىم. بۇ جەھەتتىن ماڭا ئايالىمنىڭ مەدىتى زور بولدى. پەرزەنتلىك بولدۇق، ئۇستازلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تاشكەنتكە كۆچۈپ كەلدۇق. ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرغىنىمىزدىمۇ مېنىڭ ھەمدەردىم، تايانچىم، قىسمەتدىشىم سالامەتخان ئىدى. ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەزىز خاتىرىسى ماڭا ھەمىشە ھەمراھ...

مېھماندوست خانىدانىي تەرك ئېتىپ خەيرلىشىۋاتقىنىمىزدا، سۈرەتتىكى سالامەتخان ئانىمۇ گويا بىزنى مۇلايىم نىگاھ بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك ئىدى.

## مەڭگۈلۈك ئارمان

بىر نەچچە يىل بۇرۇن كەسىپداش دوستلىرىمدىن بىرى ئۆز ئورنىغا قازاقىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلەش ئىنىستىتۇتىنىڭ سىرتقى بۆلۈم ئوقۇغۇچىلىرىغا يازلىق تەتىلدە ئىككى ھەپتە تارىخ پېنىدىن دەرس ئۆتۈپ كېلىشىمنى ئىلتىماس قىلدى.

-بىرسەۋەب تۈپەيلى مەن ئۆزۈم بارالمايدىغان بولۇپ قالدىم،-دېدى ئۇ،-سىز

بولسىڭىز تەتىلدىسىز. مەن تېلفۇن قىلىپ قويىمەن، سىنى كۈتۈۋېلىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

مەن بىر ئاز ئىككىلەنگەن بولسامۇ يەنىلا رازى بولدۇم. ئاقسۇ شەھرى سايرام تۇمەنىنىڭ مەركىزى بولۇپ، قەدىمدە ئىسپىجاپ، ئورۇنكەنت، سايرام قاتارلىق تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغان سايرام شەھرىمۇ شۇ تۇمەنگە جايلاشقان، قەدىميلكى نەزەردە تۇتۇلۇپ تۇمەنگىمۇ شۇ شەھەرنىڭ نامى بېرىلگەن. قەدىمىي خارابىلەر، زىيارەتگاھلارنىڭ كۆپلىكى جەھەتتىن سايرامنىڭ ھەرقانداق باشقا بىر تارىخى شەھەرلەر بىلەن رىقابەتلىشەلىشى تارىخچى سۆپىتىدە كەمىنىگە مەلۇم ئىدى. بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىش ئىشتىياقى ۋە بەزى باشقا جەھەتلەر مەسلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلدى.

ھەم زىيارەتچى، ھەم تىجارەتچى سۆپىتىدە چىگرادىن ئۆتۈپ چىمكەنت ۋىلايىتىدىكى ئاقسۇ شەھرىگە يول ئالدىم. يېتىپ كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى تارىخ فاكۇلتېتى سىرتقى بۆلۈم ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىن دەرس ئۆتۈشنى باشلىدىم. دەسلەپكى كۈنلەردە دەرستىن كېيىن ئاقسۇ شەھرىنىڭ ئۆزىنى ئايلاندىم. ھاۋا ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئاقسۇ دەرياسىدا چۆمۈلۈشنى بىر كۈنمۇ تەرك قىلمىدىم. بۇ دەريا ئاق رەڭلىك تاغ جىنسلىرىنى ئاققۇزۇپ كەلگىنى ئۈچۈنمىكىن سۈيى خۇددى ھاك تۆكۈۋەتكەندەك ئاپئاق ئىدى.

يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا سايرامغا بېرىپ كۈن بويى ئوندىن ئارتۇق زىيارەتگاھنى ئايلىنىپ، كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ ئاقسۇغا قايتتىم.

دەرسنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى باشلانغاندا ئوقۇغۇچىلاردىن تۇمەندە يەنە قانداق دىققەتكە سازاۋەر جايلارنىڭ بارلىقىنى سورىدىم. رەۋشەن ئىسىملىك بىر يىگىت ئاقسۇغا يېقىن جايدىكى قەدىمى قىشلاق - مەنكەنتتە تارىخ ۋە ئۆلكەشۇناسلىق مۇزېينىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. رەۋشەنىنىڭ ئۆزى مەنكەنتلىك بولغاچقا دەرستىن چۈشكەندە مۇزېيغا بىرگە بېرىشقا كېلىشتۇق.

رەۋشەن ئوتتۇرا بوي، چاچلىرى بۇدىرىگە مايىل، چىرايلىق يىگىت ئىدى. دىققەتنى دەرھال تارتىدىغان يەرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مەيۇسلۇك ئىپادىسى ئىدى. بۇ ئىپادە كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە دەرس ئارىسىدا چاقچاق گەپلەر ئېيتىلىپ، رەۋشەن باشقىلار قاتارى كۈلۈمسىرىگىنىدىمۇ كۆزلىرىدىن مەيۇسلۇك تەرك بولمايتتى. دەرسلەردە سوئاللارغا ياخشى جاۋاب بەرسىمۇ، ئاۋازى بوش، ھەتتا بىر ئاز ئەسەبىيلىك سېزىلەتتى.

مەنكەنت ئاقسۇ شەھرىگە يانداشىپ تۇرغىنى ئۈچۈن مېنىڭ خاھىشىمغا كۆرە پىيادە يولغا چۈشتۇق. ئاقسۇ مەركىزىدىن مەنكەنت يولىغا قاراپ بۇرۇلغىنىمىزدا رەۋشەن دۇكاندىن بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇستازلارغا خاس ئاھاڭدا نەسىھەت قىلدىم:

-شۇ نەرسىنى تاشلىسىڭىز بولمامدۇ؟ ھەم ساقلىققا، ھەم ھەميانغا زىيانغۇ!

رەۋشەن مەيۇس كۈلۈمسىرەپ دېدى:

-ئەسلى چەكمەيتتىم، چېكىشنى باشلىغىلى بىر يىل بولدى.

-نېمىشقا چېكىپ قالدىڭىز؟ بىراۋ مەجبۇر قىلدىمۇ؟

-شۇ...بېشىمغا بىر ئىش چۈشتى، ئۇستاز.

-نېمە ئىش چۈشتى؟ بويتاق ئىكەنسىز، روزغار، بالا - چاقا تەشۋىشلىرىدىن تېخى

ئازات تۇرسىڭىز.

- ئۆيلەنمەكچى بولغىنىمدا تويدىن-بۇرۇن لايىقىم ۋاپات بولدى.

- شۇنداقمۇ؟ قانداق بولۇپ ؟

رەۋشەن خۇرسىنىپ دېدى:

- بەختسىز ھادىسە تۇپەيلى. بىر نەچچە كىشى ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا قاتناش ھادىسىسىگە دۇچار بولدى.

- خۇدا رەھمەت قىلسۇن، قانداق يامان ھادىسە؟ - ھە! كەچۈرىسىز، ئۆزۈم بىلمەي ھاياتىڭىزدىكى قايغۇلۇق ۋەقەنى سىزگە ئەسلىتىپ قويۇپتىمەن.

- ھېچقىسى يوق. بەربىر بۇنى ئەسلىمىگەن كۈنۈم يوق..

بىز بىر ئاز ئۈندىمەي ماڭدۇق. رەۋشەننىڭ دائىم مەيۈس يۈرىشىنىڭ سەۋەبى ماڭا ئەمدى ئايان بولغان. ئەمما ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ تېخىچە تاماكا قېپىنى ئاچمىغىنىنى كۆرۈپ دېدىم:

- مەيلى، چېكىۋېرىڭ. ۋاقتى كەلگەندە تاشلارسىز بەلكىم.

رەۋشەن:

- رەھمەت، ئۇستاز، - دېدى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

- لايىقىڭىزنى ياخشى كۆرەمتىڭىز؟

- ھەئە، بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپ ئون يىل بىر پارتىدا ئولتۇرغانمىز.

دەسلەپتە «بىچارە يىگىتنىڭ يارىسىنى تاتلاۋەرمەي، سۆھبەتنى باشقا تېمىغا كۆچۈرگەن ياخشى» دەپ ئويلىغان بولسامۇ، بېرىلگەن سوئالىمغا ئالغان بۇ جاۋابتىن كېيىن رەۋشەننىڭ مۇھەببەت تارىخىغا قىزىقىپ قالدىم. ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، قىزىقىشىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ھېكايە، ھەتتا پوۋېستقا ئوخشاش بەزى نەرسىلەرنى يېزىشنى ئويلىغىنىم ئىدى. قەلەمكەشلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ھادىسىدىن ئۆزىگە ئېجادىي ماتېرىيال ئىزدىشى مەلۇم.

- مېنى كەچۈرۈڭ، رەۋشەن. لېكىن مەن بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئىمكانقەدەر تولۇق تەپسىلاتلىرى بىلەن ئاڭلىغۇم كەلدى. ئەگەر سىر بولمىسا، بىر باشتىن ھېكايە قىلىپ بەرسىڭىز. ھەم يول قىسقىرايدۇ، ھەم بىر ئاز بولسىمۇ كۆڭلىڭىزنى بوشىتىۋالىسىز.

- مەيلى، ئۇستاز، - دېدى رەۋشەن ۋە يېرىم چېكىلگەن تاماكىنى يەرگە تاشلىدى.

بۇ چاغدا بىز شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغان ئىدۇق. ئالدىمىزدا مەنكەنت قىشلىقى نامايان بولدى. نامايان بولغاندىمۇ تولۇق نامايان بولدى. چۈنكى ئاقسۇ شەھىرى تۆپىلىكتە بولسا، مەنكەنت قىشلىقى پەس تۈزلەڭلىككە جايلاشقان ئىدى. باغ - ۋارانلار بىلەن ئورالغان ھويلىلار، ئالتۇنرەڭ بۇغداي ئېتىزلىرى خۇددى مەنزىرە رەسىمدەك كۆرۈنەتتى. تۆت ئەتراپ دائىرسىمان ئېدىرلار بىلەن ئورالغىنى ئۈچۈن گوياكى ماھىر رەسسام تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىمدەك بىر خىل تەسىرات قالدۇراتتى. مەن بۇ مەنزىرىگە بىر نەچچە مىنۇت مەھلىيا بولۇپ قالدىم. رەۋشەننىڭ دەرتلىك ھېكايىسىنى باغرىغا سىغدۇرۇش ئۈچۈن زېمىن كېڭىيىپ كەتكەندەك ئىدى.

- بۇ شۇنداق باشلانغان...مەن تۇنجى قېتىم بىرىنچى سىنىپقا بارغىنىمدا ئوقۇش يىلى باشلىنىشقا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك يىغىلىشتا مېنىڭ ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئاكام ئاشۇ قىزنى يەلكىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغان ۋە ئۇ قىز بىرىنچى قوڭغۇراقنى چالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدا تونۇشقانمەن ۋە ئاشۇ تۇنجى

كۆرگىنىمدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانمەن. سىنىپ مەسئۇلىمىز «كىم بىلەن كىم پارتىداش بولۇشنى خالايدۇ؟» دېگىنىدە، دەرھاللا ئۇ قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالغانمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى سىنىپنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدىن باشلاپ ناھايىتىمۇ ئىناق بولۇپ قالدۇق. تەنەپپۇستىمۇ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايتۇق. چوڭ تەنەپپۇستا ئۆيىمىزدىن ئېلىپ كەلگەن نان ۋە باشقا يېگۈلۈكلەرنى بىرگە يەيتتۇق. بايراملاردا، ئەلۋەتتە ئاتكرىتكىلار يېزىپ بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلىشەتتۇق. دەرستىن كېيىن مەن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيۈمگە كېتەتتىم. ئەتىگىنىدىمۇ مەكتەپكە بىللە كېلەتتۇق. ئوقۇغان كىتابلىرىمىزمۇ بىر خىل بولۇپ، ئاساسلىقى مۇھەببەت تېمىسىدىكى كىتابلار ئىدى. دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىزمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار چاقچاق قىلىپ «بۇلارنىڭ بىرسى ئالغان باھانى ئىككىنچىسىگە سورىماستىن بېرىش مۇمكىن، چۈنكى جاۋابىدا بەرىبىر پەرق بولمايدۇ» دېيىشەتتى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ھەممىگە مەلۇم، بىلمىگەنلەر دائىم بىرگە يۈرگىنىمىزدىن قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىشاتتى. بالىلىقىمدا چوڭلار «چوڭ بولغاندا كىمگە ئۆيلىنىسەن؟» دەپ سوراشسا، مەن ھېچ ئىككىلەنمەي «زىلالىگە ئۆيلىنىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. زىلالمۇ بۇنداق سوئاللارغا شۇنداق جاۋاب بەرگەن.

-چوڭلار چاقچاق قىلىپ سوراپ قويسا، سىز راستىنى ئېيتىپ قويىدىكەنسىز-دە!

-ھە، شۇنداق. پەقەت بالىلىقتىلا ئەمەس، چوڭ بولغىنىمدىمۇ شۇنداق جاۋاب بېرەتتىم. چۈنكى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

-مەكتەپ يېشىدىكىلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ياقتۇرمايدىغان مۇئەللىملەرمۇ بولىدۇ، ئومۇمەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇنداق. ئۇلار سىلەرگە تەربىيە قىلغان تەرزدە گەپ قىلمىغانمۇ؟

-ياق، بىرەر قېتىممۇ گەپ قىلمىغان، چۈنكى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەدەب دائىرىسىدىن تاشقىرى ھەر قانداق ئوي - پىكىر، گەپ - سۆز ۋە ھەركەتلەردىن يىراق ئىدى.

-ئەمدى، ھەرھالدا سىلەر يۇقىرى سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىڭلاردا مۇھەببەت فىلىملىرىنىڭ تەسىرىدە بولسىمۇ رومانتىك ئۇچرىشىشلار بولغاندۇ. مەسىلەن، تۇنجى قېتىم سۆيۈشۈش دېگەندەك.

سەل ئەدەبسىزلەرچە گەپ تاشلىغىنىمنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. ئەمما بۇ ئورۇندىمۇ قەلەمكەشكە خاس ھەر بىر نەرسىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىلىۋېلىش ئىستىكى ئەندىشىدىن ئۈستۈن كەلدى.

-ياق، بىرەر مەرتىمۇ قولىنى تۇتمىغانمەن، -دېدى رەۋشەن قەتئىي رەۋىشتە، -بىز ھەتتا رومانتىك تېمىلاردىمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغانمىز.

-چۆچەكلەردىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتىڭىز. بۇ تەرىپى، شۇ زاماندىكى شۇنچىلىك ئەدەب - ھاياغا كىشى قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. بۇنداق نەرسىلەر بارلىقىنى بىلمەيتتۇق، دەيسىز تېخى...

-بارلىقىنى بىلەتتۇق. لېكىن نە مەندە، ياكى نە ئۇنىڭدا بۇنداق ئىستەكلەر بولغان ئەمەس. بىز بۇنىڭدىن ئۇيۇلاتتۇق. سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىدىغانلارنىڭ تېز سوۋۇپ، ئايرىلىپ كەتكەنلىرىنىمۇ كۆپ كۆرگەندۇق.

-ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا قانداق ھالغا چۈشتىڭىز.

ـ دەسلەپتە ئىشەنمىدىم، مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمىزدىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە، بىز بىر ـ بىرىمىزگە چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان ۋە تويغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغانىدى. بىر دوستىمىزنىڭ تويى بولۇۋاتقاندا مەن ئۇنى كېلىشكەن جايدا كۈتتۈم. بىر ھەپتىدىن بىرى كۆرۈشمىگەنىدۇق. ئەمما ئۇ ئون بىر يىل ما بەيىندە ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەھدىلەشكەن ۋاقىتتا كەلمىدى. مەن خېلى كۈتتۈم. كەلمىگەچكە بىر ئاز خاپا بولۇپ ئۆيگە قايتتىم. ئەتىسى بىر تونۇشۇم ماڭا شۇ شۇم خەۋەرنى ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىم. ماشىنىدا بەش كىشى بار ئىكەن. ماشىنا يۇقىرى تېزلىكتە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئۈچ كىشى قازا قىلىپ، باشقىلار ئېغىر يارىلانغان.

شۇ چاغدا يۈرىكىمدىن بىر نەرسە ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى. ئەمما مەن ھامان ئىشەنمەيتتىم. نامىزى چۈشۈرۈلىۋاتىدۇ، ئەمما مەن كۆزلىرىم بىلەن ئاياللار ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدەيمەن. بىر پەيت تەزىيەگە كەلگەنلەر ئارىسىدا شۇنداق بىر گەپلەر دېيىلىپ قالدى «مەرھۇمەنىڭ كۆزى ھېچ يۇمۇلمىغان ئىكەن. چوڭلار ئېيتىشتىكى: شورلۇق قىز ئەزىز بىر كىشىسىنى كۈتىۋېتىپتۇ، ئۇ كىشىنى تېپىپ مەرھۇمەنىڭ بېشى ئۈستىگە كەلتۈرۈش كېرەك...». مېنى سۆرەپ يۈرۈپ دېگۈدەك، تاۋۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى ۋە زىلالەنىڭ يۈزىنى ئېچىشتى. بېشىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى جاراھەتلەنگەن. يۈزى پۈتۈن بولۇپ ئايرىم جايلىرىنىڭ تىرىسى سۈرۈلگەن ۋە بىر نەچچە چىشى سۇنغان ئىدى. بىردىن كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ..ئۆزۈمگە كەلگىنىمدە مېنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىشىپتۇ ۋە سۇ ئىچۈرۈپتۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە مۇتلەق ئۇخلىيالمىدىم.

رەۋشەن ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە مەنكەنت قىشلىقىنى ئارىلاپ خېلىغىچە ئۈندىمەي يۈردۇق. ئەپسانىلەردىلا بولىدىغان ناھايىتىمۇ پاك، مەسۇم ۋە شۇ قەدەر غەمكىن مۇھەببەت قىسسىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى.

ئون بىر يىل ئۆزلىرىگە داغ چۈشۈرمەي، مۇھەببەتلىرىنى سەدەبتىكى دۇردەك ئاسراپ يۈرۈپ، ئەمدى بىر ـ بىرلىرىگە يەتتىم دېگەنلىرىدە نېمىشقا تەقدىر ئۇلارغا بۇ ئاچچىق قىسمەتنى راۋا كۆردۇ؟ شۇنداق گۈزەل مۇھەببەتنى ئاتا قىلغان تەڭرى ئۇنىڭغا تۇرمۇش غۇبارلىرى قونماستىن ئەبەدى پاك ھالدا قېلىشنى ئىستىدىمۇ؟

ـ ئاللاھ سىزگە سەۋر ـ تاقەت بەرسۇن، ـ دېدىم خۇرسىنىپ، ـ ئۇنى مەڭگۈ يوقاتتىم، دەپ ئەسلا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. بىر كۈن كېلىپ، روھىڭلار ئۇچرىشىدۇ.

ـ مېنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، ئۇستاز.

ـ شۇنداق مۇھەببەتكە سازاۋەر بولغان ئادەمنىڭ ئىرادىسىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولۇشى كېرەك، ئۇقۇشقا كېلىپ ياخشى قىلىپسىز. بېشىغا قانداق پاجىئە چۈشمىسۇن، ئادەم تەركى دۇنيا بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ كۆڭۈل يارىلىرىڭىز بىر ئاز تۈگىگەندە ئۆيلىنىسىز، ئائىلىۋى ھايات، پەرزەنتلەر خۇشلىقى سىزگە تەسەللى بولىدۇ.

ـ ھە، گەپلىرىڭىز راست. ئۆيدىكىلەر مېنى غەمدىن تېزرەك خالاس بولار، دەپ باشقا بىر قىز تېپىپ ئۆيلەندۈرمەكچى بولۇشتى. لېكىن ئۇلار ئەلچىلىككە بارغانلارغا رەت قىلىش جاۋابىنى بېرىپتۇ. ئۇلار «بۇ ئەمدى زىلالنى ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ، باشقا ئايال بىلەن ياخشى ياشاپ كېتەلمەيدۇ»، دەپ ئويلايدىكەن. ئۆزۈممۇ ھەم شۇنداق ئويلايمەن.

ـ تېخى ئوقۇشىڭىزنى تۈگىتىشىڭىز كېرەك. سىز مۇھەببەتكە مۇناسىپ ۋە سۆيۈشكە قادىرسىز. ئەجەب ئەمەس، قەلبىڭىزگە يەنە مۇھەببەت كىرىپ كەلسە. ئاشۇ مۇھەببەتنى كۈتۈپ ياشاڭ ۋە ئۇنىڭ كېلىشىگە ئىشىنىڭ.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدىن كېيىن رەۋشەن ئىشەنمىگەندەك مەيۇسلۇك بىلەن ماڭا قاراپ قويدى، ئەمما ھېچنىمە دېمىدى.

مۇزىينى تاماشا قىلىپ قىشلاق تارىخى بىلەن تونۇشۇۋاتقىنىمدىمۇ قايغۇلۇق قىسسە خىيالىمدىن كەتمىدى. ئۇ مەنكەنتنى نەزىرىمدە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار قىلىپ كۆرسەتتى.

قايتىشىمدا رەۋشەن مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. لېكىن مەن يەنە بىر يولۇم چۈشكەندە كىرەرمەن، دەپ ئۇنىمىدىم. چۈنكى بۈگۈنكى كۈن تەسىراتلىرى مەن ئۈچۈن كۈتكىنىمدىنمۇ زىيادە بولغانىدى.

ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ژورنىلىنىڭ 2009 يىللىق 3 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

مۇھەررىر بۇسالامەت مەمەتئابدۇللا

# «تاققا ـ تۇققا پاراڭلار» ژانىرىنىڭ ئىجادچىسى ھەببۇللام موللام ھەققىدە تېز سىزما



دىلارە ئۆمەرجان

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن مۇھىم مەدەنىيەت مىراسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى مەدەنىيەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن، بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يەنىلا ئاغزاكي شەكىلدە تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلماقتا. ھەتتا، بىر قىسىم ئەسەرلەر يېڭىدىن ئىجاد قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا. ئەنە شۇنداق داۋاملىق ئىجاد قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىۋاتقان ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ بىرى «تاققا - تۇققا پاراڭلار» دۇر.

«تاققا - تۇققا پاراڭلار» دىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدە ژانىرىنى ئىلى خەلق سەنئەتكارى ھەببۇللام موللام يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈردى.

بىز خەلقىمىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدا ئېقىۋاتقان ئوغلانلىرىمىز، ئۆز ئەجىر - مېھنىتى بىلەن ھاياتقا گۈل چېكىپ ياشاۋاتقان سەنئەتكارلىرىمىز جۈملىدىن، ھەببۇللام موللامدەك مىللىي سەنئەتكە يېڭى ھۆسۈن قوشۇپ، ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى تاققا -تۇققا گەپلىرى بىلەن ئەلگە كۈلكە ۋە شادلىق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان زامانىمىزدىكى نەسىردىن ئەپەندىلەردىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز.

ھەببۇللام موللام 1974 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى غۇلجا قورغاس ناھىيەسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى ھەببۇللام موللام بولغىنى بىلەن ئۇنى كىچىكىدىنلا مەھەللە - كويدىكىلەر، ئەل - ئاغىنىلىرى «ئەبەي» ، «ئەبەيخان» دېگەندەك قىسقارتىلما ئىسىم بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە.

ھەببۇللام موللام سەنئەت ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا سەنئەتكە كىچىكىدىنلا قىزىقاتتى. ئۇمەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەردە گىتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەڭ ئۆزگىچە بولغان تاققا - تۇققا، داڭقان - پۇتى گەپلەر بىلەن خەلقنى كۈلدۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ تاققا - تۇققا گەپلىرى يېڭىچە بىر خىل شەكىل بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە تارتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئەشۇ قىزىقارلىق ۋە غەلىتە گەپلىرىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى.

ھەبىبۇللام موللامىنىڭ بۇنداق يۇمۇرىستىك سۆز ئويۇننى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خەلقنى ئۆزىگە قارىتىشىغا تاغىسى يەنى ئاپىسىنىڭ ئىنىسى ئابدۇرېشىت مۇھەممەد چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ تاغىسى ئابدۇرېشىت مۇھەممەد ناھايىتى يۇمۇرىستىك كىشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى تۇرمۇشتا دائىم تاقىا - تۇۋقا گەپلەرنى قىلاتتى.

مەسىلەن: ھەبىبۇللام تاغىسىدىن : «رىشتكا! ئۆيۈڭگە باراي دېگەنتىم، ھەدىمىز نېمە تاماق ئېتىۋاتىدۇ ؟» دەپ سورىسا، تاغىسى : « ھەدەڭ ئۇزۇپ تاشلاپ مانتىا ئېتىۋاتىدۇ ياكى بولمىسا پولۇغا خېمىر/يۇغۇرىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئابدۇرېشىت مۇھەممەد مۇشۇنداق يۇمۇرىستىك، تاقىا - تۇۋقا گەپلەرنى قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ يۈرىدىغان ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى ۋە قىزىقارلىق مىجەزى ھەبىبۇللاغا ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلغان.

ھەبىبۇللام 2008 - يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدە، ئۆزىنىڭ تالانتىنى خەلققە نامايەن قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا غۇلغۇلا قوزغىدى. ھەبىبۇللام كۆپلىگەن قىزىقارلىق فىلىم ۋە ئېتوتلاردا ھەجۋى خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ رولىنى ئوينىدى. كومېدىيەلىك كىنولاردىمۇ ناھايىتى ياخشى رول ئالدى.ئۇ «خېپ ئەمىر غۇلجىدا»، «لەتىپچىلەر كۈلۈبى» قاتارلىق ئېتوت، كۈلدۈرگىلەردە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقماس ئوبرازلارنى ياراتتى. ھەبىبۇللام گىتتار چېلىپ ناخشا ئېيتىش جەھەتتىمۇ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «گۈزەل قورغاس »... قاتارلىق ناخشىلىرىنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلىماقتا.

بىز ھەبىبۇللام موللامىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تاقىا - تۇۋقا پاراڭلار ئىجادىيىتى ۋە ئاكتىپورلۇق خىزمىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

بىلگۈڭىز

بارمۇ ؟

ئېكرانغا تۇنجى چىققان ۋاقتى: 2002 - يىل

ئېكرانغا تۇنجى چىققان ئوبرازى: خېپ ئەمىر

قان گۇرۇپپىسى : O

بوي ئېگىزلىكى : 1.71 مېتىر

مۆچىلى : يولۋاس

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىنو - فىلىمى :« ئالىمجان بولۇمىسىزمۇ؟»

ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابى :« ئانا يۇرت»

ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىقى : تۇنجى پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۆكۈنىدىغان ئىشى : سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنى

ئۆزىنىڭ سەنئەت ئەقىدىسى : ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش.

ھەبىبۇللا موللامىنىڭ تاقىا - تۇۋقا پاراڭلىرىدىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم. ۋاي-ۋۇي نېمانداق جىق ئادەم بۇ؟ ئەمسە گەپنى باشلاپ كەتتۇق، يېقىنقىياغى ئاجايىپ بىر ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۋالدىم. ئۆيگە بىردە كېلەمدىم، ئون ئىككىدە كېلەمدىم، ئىشقىلىپ ئۆيگە كېلىپلا كىيىم-كېچەكلىرىمنى سېلۋېتىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغان بىر ئادەتنى يېتىلدۈرۋالدىم. تاڭ ئاتقۇچە بىر نەرسە يەۋالسام مۇشۇ بىر نەرسە يېۋېلىپ، ئاندىن سەھەر سائەت بەشكىچە ھېچ

نەرسىنى تۈيماي ئۇخلاپ كېتىمەنكەن، تووۋا!

هازىر ئىككى بالام بار. چوڭى قىز، كىچىكى چوڭىدىن سەل كىچىكرەك قىز. ئۆيدە ئۈچ قىز، بىر ئوغۇل بولسىمۇ ئەدەم بەك ئەكە بولىدىكەن، ئۆيگە كىرسەم چوڭ قىزىم:

-ۋوي! ئاپا دادىمىز كەلدى، - دەپ كېتىدۇ. چوڭ قىزىم مېنى ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ دادىسى دەپ ئويلايدۇ.

مېنىڭ شۇنداق يامان، شۇنداق ئادەتلىرىم جىق. دادام، ئاپام بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك ياخشى ئۆتىمەن. مۇشۇ كەمگىچە ئاپام دادامنى بىرەر كالتەك ياكى پالتا بىلەن ئۇرۇپ باققان بەندە ئەمەس. ئۇرسام ئۇرسۇۋېرىمەن، شۇ ۋىجدان چىدىمايدۇ.

پەننى تىلغىلى ئاپىراي دېسەم ماشىنا يوق. ئۇ ئاغىنەمگە دەيمەن يوق، بۇنىڭغا دەيمەن يوق. ئاران دېگەندە بىر ماشىنا تاۋۇزنى بېسىپ ئاپارسام، ئۇ رېستۇران ئاچىدىغان ئايال موزدوزخانىدا قېتىق ئىچىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەللۇرچى بالا گۇۋاهلىق بېرىپ دىدى:

-بۇنىڭ قوناق ئوغۇرلىغىنى راست، ئىت چىشلىۋالغان يەرنى داخانغا ئاپارساقايتالمايدۇ، دەپ نەچچە دېسەم ئاپاردى.

ئەمدى بەش ياشلىق بالىنى ئۈچىنچى سىنىپقا ئەكىرىپ قويىمىز دېسە ئۇنىڭغا ئاشلىق ئىدارە ئۇنامدا، ئۇنىڭدىن كۆرە پايپاقنى قايسى تاللا بازىرىدىن ئالغان بولساڭ شۇ يەرگە قايتۇرۇپ بەرمەمسەن دەپ ئىشىكنى سوراي دېسەم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قان سالمىساق بولمايدۇ دەيدۇ. قارىسام بىر ئوبدان بالىكەن، ئۇنداق جىق قان سالسا ئۆپكە-هېسپىنى قانداق قۇيىمىز.

مۇشۇ كۆنلەردە شۇنىڭدىن كېيىن لۇشاڭخانىغا پەقەت دەنسەپ باقمىدىم، ئەگەر دەسسىگەن بولسام دۈمبىسىگە پۇتۇمنىڭ ئىزى چىقىپ قالامتى؟ قالتى! ئۈچ پەندىن بىراقلا قالغان، چوڭلار ئەنسىرىمە بىز ئۆتكۈزۈپ قويىمىز دەپ، ئاياغنى، كىيىم - كېچەكنى بىراقلا سېلىۋېتىپ ئۆستەڭدىن هاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويدى. گۆشنىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويدۇق، كاۋاپنى كىم پىشۇردۇ دەۋاتاتتى، تۇيۇقسىز چۇۋاڭخۇسى(传呼) سايراپ كەتتى. ئۇ چاغدا چۇۋاڭخۇلار يېڭى چىققان، خەقلەر چۇۋاڭخۇرۇمنى كۆرمەي قالمىسۇن دەپ پەلتونى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىپ كىيىدىغان چاغلار بولغاچقا، رەسىمگە چۈشۈش شۇنچىلىك تەستى، لېكىن ئىرادىسى كۈچلۈك بولسا، تاغ قانچە ئېگىز بولسىمۇ چۈشەلەيتتىڭ، ئەمما سۇ بەك سۈزۈككەن چۈشەلمەيمەن دېسەم، ئۇستا ساتراشنىڭ قېشىغا ئاپارساڭ چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئويغاق ۋاقتىڭدا كۆرىۋالغان بولساڭ كىنونى، دوستلىرىڭغا ماختىنىپ دەپ بېرەتتىڭ. سەن دەپبەرمىسەڭ ئۇلار ئىمتىهاندا لاياقەتسىز بوپ قالاتتى. ئويلاپ بېقىڭلار! لاياقەتسىز سېلىشقان ئۆي دېگەن خەتەرلىك، شۇڭا مەن يۇقىرى بىسىملىق توكقا يېقىن بارمايمەن. چۈنكى، ئىت دېگەن يۈزىدە تۈكى بار نەرسە، چىشلەپ قويامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2010 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مۇهەررىر ئابدۇسالام مۇهەممەد بەگزات

# تەھرىراتىمىز ئۇقتۇرۇشى

ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرى ئۈچۈن تەھرىراتىمىز ئىنىستىتۇتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن داۋاملىق ئەسەر قوبۇل قىلىدۇ. ئاپتورلار ئەسەر بەرگەندە تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئەمەل قىلىشىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز:

1. ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى چەكلەنمەيدۇ (سىزما رەسىم، فوتو سۈرەت ھۆسنخەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئەسەرلەر بىردەك كومپيۇتېردا ئۇرۇلۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىنىشى، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىسىم - فامىلىسى، ئادرېسىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىشى، تېلېفون نومۇرىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى لازىم. توردىن يوللانمىغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى ئەسەر نۇسخىسىنى سايىلاپ يوللىشى كېرەك. توردىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ تور نۇسخىسىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ (تور بەت ئادرېسى ئەسكەرتىلىشى كېرەك). بۇتەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان تەرجىمە ئەسەرلەر ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ (ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەرنى تەھرىراتىمىز باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەگەر ئاپتورلار ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلغان ئەسىرىنى باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرماقچى بولسا تەھرىراتىمىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك). ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىلىرى ۋە رادىيو ئۇزۇللىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك. باشقا ھەرقانداق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4. ئەسەرلەرنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ سۈرۈشتە قىلىشى ھاجەتسىز.

5. ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى ئەسەر تەھرىرلەش ۋە كوررېكتورلۇققا داۋاملىق ئەزا قوبۇل قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەھرىراتىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

ئالاقىلاشقۇچى: تۇرسۇنجان مەھمۇد 13201391824

ئېلخەت ئادرېسى: bulaqkol@126. com

# 目录

**指导思想**

充分发挥哲学社会科学重要作用全面服务于大建设大开发大发展……………………………………………………………………张春贤(1)

**想念**

师魂……………………………………………………亚森·买提尼亚孜（7）

**小说园地**

原谅我，母亲……………………………/………布萨拉麦提·麦麦提阿卜杜拉(8)

命苦心人………………………………………………亚森·买提尼亚孜（12）

**阿鲁孜神色**

光的图案………………………………………………阿布都如苏力（23）

格则勒和塔合穆几首………………………阿布都沙拉穆·默罕默德·拜格扎德(29)

格则勒几首……………………………………………艾力亚热·巴热（33）

阿鲁孜研究

阿鲁孜格律在孜亚依抒情诗中运用……………阿拉法特·艾山·穆萨巴耶夫(36)

**花束**

红湖之歌………………………………………………亚森·买提尼亚孜(50)

夜晚情…………………………………………赛的艾合买提·阿布都卡地尔(53)

诗两首…………………………………………………艾孜热体艾力·麦麦提（54）

情人为何受苦…………………………………………米力凯木·艾海提（55）

心声……………………………………………………阿依古丽·肉孜（55）

永恒清洁的心…………………………………古丽努尔·阿布都沙塔尔（56）

**座谈精粹**

从一本书名谈维吾尔人姓氏……………………………………………………

玉苏普·依格穆　艾斯凯尔江·安瓦尔……………………………………(57)

朴素的心，真挚的爱…………………………………古丽努尔·阿布都拉（65）

**评论及争鸣**

论中篇小说“旧握”……………………………吐尔逊妮萨·吐尔逊托合提（74）

**纳瓦依园地**

纳瓦依格则勒……………………………………………………纳瓦依 (82)

**纳瓦依研究**

纳瓦依诗歌中的“寂灭”(FANA)观浅谈……………………………………

……………伊布拉依穆·海苦力 (乌兹别克斯坦), 祖丽皮耶·伊斯马伊力译（89）

**古典文学研究**

百年来回鹘文文学研究回顾…………杨富学,　　热议汗古丽·阿不力孜译（97

论尼扎日“热比娅及赛依丁”中表现的妇女观……古丽加马力·买买提依明（111）

**桥**

两篇短篇小说…………………………………乌拉穆·卡热米(乌兹别克斯坦)（117）

阿布都沙拉穆·默罕默德·拜格扎德译

**颠三倒四之语**

试论“颠三倒四之语”体裁的创始人艾比布拉木·毛拉木……………………德拉来·吾买尔江 (128)

封面图片尼加提·阿西木提供

2012.7.11

《红湖》 2012 年 6 月 （第二期）

## 主管

新疆大学党委宣传部和校团委

## 主办

新疆大学人文学院

## 编制单位

《红湖》杂志编辑部

## 编委会主任

啊阿布都许库尔·莫拉克·玉尔其(新疆大学人文学院副院长，副教授)

## 编委

吐尔逊·托合提（新疆大学人文学院党委副书记，副教授）

阿布都拉·买提库尔班（新疆大学人文学院中文系党支部书记）

乌斯曼·司马义·塔里木（新疆大学人文学院博士，教授）

扎米尔·赛都拉（新疆大学人文学院博士，教授）

买提吐尔逊·艾力（新疆大学人文学院博士，副教授）

尼加提·阿西木（新疆大学人文学院党政办公室主任，讲师）

杂志名称 艾合买提江·阿布都热依穆

内部资料 （免费发行）

## 主编

吐尔逊·托合提

## 副主编

阿布都拉·买提库尔班

阿布都沙拉穆·默罕默德·拜格扎德

## 本期责任编辑

祖丽皮耶·伊斯马伊力

## 本期编辑

阿拉法特·艾山·穆萨巴耶夫

布萨拉麦提·麦麦提阿卜杜拉

米力凯木·艾海提

艾孜孜·萨木萨克

图尼萨古丽·买合木提

## 本期责任校对

阿布都沙拉穆·默罕默德·拜格扎德

吐尔逊江·买合木提

## 装贴设计

艾孜热体艾力·麦麦提

赛地艾合买提·阿布都卡地尔

撰写

准印证：KX2011

乌鲁木齐 2012.6




شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

«بۇلاقكۆل» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى

2012- يىلى 6- ئايدا نەشردىن چىقتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14- نومۇر



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

«بۇلاقكۆل» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى

2012- يىلى 6- ئايدا نەشىردىن چىقتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14- نومۇر